
5
2000

2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن
«ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمىسى»دىن كۆرۈنۈشلەر











ئادىلجان ئىسمايىل فوتوسى

باش مۇھەررىر :
ياسىن زىلال
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
يۈسۈپ ئىسھاق

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2000 - يىل 5 - سان

(ئومۇمىي 61 - سان)


## بۇ قېتىمقى سانىمىزدا


### بۇرۇنقىلار بۇرۇنىسىدا

كېپەك قىزى ............ توپلىغۇچى : ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (1)

ئون توققۇزىنچى خوتۇن ............ توپلىغۇچى : سادىر تۇرسۇننىياز (5)

ئۇخۇم ............ توپلىغۇچى : مۇھەممەد قۇربان (23)

### ئايدىڭ كېچىلەر

ۋاپادارلىق مەن بولاي ............ توپلىغۇچى : ھەسەن تىلىۋالدى (16)

قارا قاش ، دەردىڭ يامان ............ توپلىغۇچى : تۇرەك روزى (53)

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ ............ توپلىغۇچى : ئابدۇرەھىم يۇنۇس (54)

ئاللا ، ئاللا ۋاي بالىلار ............ توپلىغۇچى : ئەزىز مەتقاسىم (75)

### يىلتىزىسىز دەرەخ بولماس

چىرا چۆل ، كېرىيە كۆل ............ توپلىغۇچى : ئەزىز قاسىم (43)

مىراس ھەققىدە رىۋايەت ............ توپلىغۇچى : مەتتۇردى مۇھەممەتئىمىن (شال) (44)

خىزىر بىلەن شەيتان ھەققىدە رىۋايەت ............ توپلىغۇچى : ئوسمان جۇمە (45)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى ............ ئەسئەت سۇلايمان (7)

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىدىكى شامانىزم ئىزناسى ............ تۇرسۇنجان مۇھەممەد (25)

شىنجاڭدا ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالى ... ئەسئەت سۇلايمان (37)

«AT تۇرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» ھەققىدە ............ ئوسمان ئىسمائىل (47)

قۇم ، چەرچەن ، توغراق روھى ............ نۇرمۇھەممەت زامان (17)

ئىلى خەلق مۇڭ - زار قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىكى ............ قەلبىنۇر مۇھەممەت (59)

### كۆلكە — جان ئوزۇقى

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ............ خۇرسەنئاي مەمتىمىن، قاھار ئابدۇرېشىت (14)

### ھەر گۈلنىڭ يۇپۇرىقى باشقا

ئالتە ئاق قۇ ............ ساتتارجان غوپۇر تەرجىمىسى (22)

يېڭى چۆچەكلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (30)

ماناس ............ ن . باقى ، توقتۇبۇبۇ ئىساق تەرجىمىسى (63)

### ئەقىل دۇردانىلىرى

ھېكمەتلەر ............ ئەرەبچىدىن مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (55)

### ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك

غۇلجىدا «ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ............ (78)


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە : بۈيۈك ئالىم «ئۇلۇغبەگنىڭ تۇغۇلۇشى»


(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى : ئابدۇلەھەت سادىق (ئالىي مۇھەررىر) ، ئەخەت ھاشىم (ئالىي مۇھەررىر)
ئەسئەت سۇلايمان (دوكتور) ، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى) ،
ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر) ، ياسىن زىلال (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

主编：
雅森·孜拉力
副主编：
玉素甫·依沙克

每双月一日出版发行
二000年第5期
（双月刊）
（总61期）

# 主要目录

黄羊女 ………………………………… 采录者：阿布都热西提·依布拉音(1)
第十九个老婆 ………………………………… 采录者：沙迪尔· 吐尔逊尼亚孜(5)
绿州文化与其在当今的命运 ………………………………… 艾赛提·苏来曼(7)
阿凡提笑话数则 ………………………… 采录者：卡哈尔· 阿布都热西提(14)
沙·且末·胡杨林 ……………………………………… 努尔买买提·扎曼(17)
蛋 ……………………………………………… 采录者：穆罕默德·库尔班(23)
于田妇女小帽所表现的萨满教遗迹 …………………… 吐儿逊江·穆罕默德(25)
新疆维吾尔民俗研究的兴起与当今的发展 ………………… 艾赛提·苏来曼(37)
有关策勒和于田的传说 ……………………… 采录者：艾则孜·哈斯木(43)
"速产"的传说 ………………………… 采录者：买特吐尔地·买买提明(44)
圣使与撒旦的传说 ……………………………… 采录者：吾斯曼·居麻(45)
论 AT 分类法 ……………………………………………… 吾斯曼·斯玛义(47)
论伊犁歌谣的审美意识 ……………………………… 克比努尔·穆罕默德(59)

阿布都克力木·热合曼(教授)　阿布里米提·沙迪克(编审)
艾海提·阿西木(编审)　艾赛提·苏来曼(博士)
伊敏·吐尔逊(编审)　伊布拉音·穆提义(研究员)
雅森·孜拉力(副编审)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال

# كېيىك قىزى

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن. ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئەكى دەيدىغان بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ ئون ئىككى ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ ئايدا بىر قېتىم ئون ئىككى ۋەزىرىنى ئېلىپ يەتتە كۈن سەيلىگە چىقىدىكەن. نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ تاماشا قىلىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئون ئىككى ۋەزىرىنى ئېلىپ بىر گۈزەل يايلاققا بېرىپتۇ. ئايلىنا - ئايلىنا بىر دەريانى كۆرۈپتۇ. دەريا بويىدا بىر ئادەم قەغەزگە خەت يېزىپ، قەغەزنى يىرتىپ دەرياغا تاشلاپ، يەنە يېزىپ يەنە دەرياغا تاشلاپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— ئەي پادىشاھ، مەن ئادەمزات ئەمەس، پەرىشتە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداقتا سەن نېمە ئىش قىلىدىغان پەرىشتە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن دۇنيادىكى ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھىنى بەلگىلەيدىغان پەرىشتە، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ ئالتە ياشقا كىرگەن بىر ئوغلۇم بار، شۇ ئوغلۇم كىمنىڭ قىزىنى ئالىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. پەرىشتە:

— ئەي پادىشاھ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ئايىغىدا ئېرى ئۆلۈپ كەتكىلى بىر - ئىككى ئاي بولغان بىر تۇل خوتۇن بار، شۇ خوتۇن ھازىر ھامىلىدار. ئۇ قىز تۇغىدۇ. ئوغۇللىرى شۇ قىزنى ئالىدىكەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپكە پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ:

— مەن بىر ئۇلۇغ پادىشاھ تۇرۇپ شۇ تۇل خوتۇننىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرىمەنمۇ، — دەپتۇ - دە، ۋەزىرلىرىنى باشلاپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئىككى جاللاتنى چاقىرتىپ:

— مۇشۇ شەھەرنىڭ ئايىغىغا بېرىپ تەكشۈرۈڭلار. ئېرى ئۆلۈپ كەتكىلى بىر - ئىككى ئاي بولغان بىر ھامىلىدار تۇل خوتۇن بار بولسا ئۇنى شەھەر سىرتىدىكى چۆلگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ. ئىككى جاللات ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈپ ھامىلىدار تۇل خوتۇننى تېپىپتۇ ۋە ئۇنى باغلاپ ئادەم ئىز باسمىغان، قۇشلار ئۇچۇپمۇ ئۆتەلمەيدىغان يىراق بىر چۆلگە ھەيدەپ بېرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ ئايال بىر قىز تۇغۇپتۇ. بوۋاق چىرقىراپ يىغلاپ تۇرسىمۇ، جاللاتلار ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. جاللاتلار:

— ئەمدى بۇ بوۋاقنى قانداق قىلىمىز، — دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— پادىشاھنىڭ ئەمرى بىر، ئۇ ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن، بالىسىنىڭ

گېپىنى قىلمىغان ، — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ جاللاتلار بوۋاقنى چۆلگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ . جاللاتلار قايتىپ كەتكەن هامان بىر كېيىك ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بوۋاقنىڭ يېنىغا كەپتۇ . بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن تەڭ كېيىكنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت خۇددى بۇلاق سۈيىدەك چاچراپ چىقىپ بوۋاقنىڭ ئاغزىغا قۇيۇلۇپتۇ . بوۋاق سۈتنى ئېمىپتۇ . شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ . قىز تولىمۇ گۈزەل قىز بولۇپ يېتىلىشكە باشلاپتۇ .

بۇ چاغدا هېلىقى پادىشاهنىڭ ئوغلى ئون توققۇز ياشقا كىرىپتۇ . ئۇ هەر كۈنى قىرىق يىگىت بىلەن چاهارباغدا تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن .

بىر كۈنى ئۇ ئاتىسىغا :

— شاه ئاتا ، سەيلىگە چىقىدىغان ۋاقىت كېلىپ قاپتۇ . قىرىق كۈنلۈك مۆهلەت بەرگەن بولسىلا ، سەيلىگە چىقىپ تاماشا قىلىپ كەلسەك ، — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ . پادىشاه ئىجازەت بېرىپتۇ . شاهزادە سازەندە ، ئاشپەزلەرنى ئېلىپ ، بىرمۇنچە مال ، يېمەكلىكلەرنى ئاتلىرىغا يۈكلەپ ، قىرىق يىگىت بىلەن شەهەردىن قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى گۈزەل يايلاققا قىرىق كۈن تاماشا قىلىش ئۈچۈن سەيلىگە مېڭىپتۇ . ئۇلار قەيەر گۈزەل بولسا شۇ يەردە توختاپ ، كېيىك ، مارال ، جەرەن ، توشقانلارنى ئوۋلاپ ، تاماشا قىلىپ يىگىرمە ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ . يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۇلار بىر ئورمانلىققا بارسا ، چېچى بېلىدىن ئاشقان بىر قىز كېيىكلەر بىلەن ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگۈدەك . بۇنى كۆرگەن شاهزادە :

— كېيىكلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن ، ئاۋۇ قىزنى تۇتۇڭلار ، — دەپتۇ . قىرىق يىگىت ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ . شاهزادە قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئەي قىز ، سىز كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سوراپتۇ . قىز كېيىكلەر ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا گەپ قىلىشنى بىلمەيدىكەن . بۇنى سەزگەن شاهزادە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەرەنچە كىيىم كىيدۈرۈپ ، ئاتنىڭ كەينىگە ئېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ .

شاهزادە ئوردىدىكى دېدەكلەرگە :

— بۇ قىزنىڭ بەدەن - باشلىرىنى يۇيۇپ ، چېچىنى تاراپ ، قىزغا دەل كېلىدىغان چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈڭلار ، — دەپتۇ .

«ئادەمدە خىسلەت ئوندۇر دېسە ، توققۇزى توندۇر» دېگەندەك قىزنى پاكىزلاپ ، كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتىكەن ، ئۇ شۇنداق بىر گۈزەلگە ئايلىنىپتۇكى ، ئاي دېسە ئايدىن يورۇق ، كۈن دېسە كۈندىن نۇرلۇق بىر پەرىزات تۈسىگە كىرىپتۇ .

شاهزادە ۋە دېدەكلەر هەر كۈنى قىزغا سۆز قىلىشنى ئۆگىتىپتۇ . شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ، ئايلار ئۆتۈپتۇ .

بىر كۈنى پادىشاه ئوغلىنىڭ دوستلىرىغا :

— ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويۇڭلار ، ئۇ چوڭ بولۇپ قالدى ، مېنىڭ ئۆمرۈممۇ ئاخىرلىشىپ قالدى . مەشۇقى بارمۇ ، يوقمۇ؟ بار بولسا مەن ئۆيلەپ قوياي ، — دەپتۇ . شاهزادىنىڭ دوستلىرى پادىشاهنىڭ گېپىنى شاهزادىگە يەتكۈزۈپتۇ . شاهزادە :

— ئەي يارەنلەر ، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ، مەن ئورمانلىقتىكى كېيىكلەر ئارىسىدىن بىر قىزنى تۇتۇپ كەلدىم . ئۇ قىز ناهايىتى گۈزەل هەم مۇلايىم قىز ئىكەن . مەن ئۇنىڭغا «كېيىك قىزى» دەپ ئات قويدۇم . ئاتامغا ئېيتىڭلار ، مەن شۇ قىزنى ئالاي دەۋاتىمەن ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاه :

— بولمايدۇ، مەن بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ ئاشۇ ئورمانلىقتىن تېپىۋالغان قىزنى كېلىن قىلىمەنمۇ! ئۇنى ھەرگىز ئېلىپ بەرمەيمەن. مەن ئۆزۈمگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شاھزادىمۇ «مەنمۇ شۇ قىزدىن باشقا قىزنى ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئامال قىلالمىغان پادىشاھ:

— مەن قىزنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. دېدەكلەر قىزنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ، تۆت كېنىزەكنى تۆت تەرىپىگە قويۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇلارغا زىياپەت بېرىپتۇ، پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ.

توي تەييارلىقىنى قىلىپ، پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز توي بېرىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز شۇنداق ئىناق ئۆتۈپتۇكى توققۇز يىل ئىچىدە ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش قىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ. لېكىن ئۇلار شۇنچە ھۆرمەتلىسىمۇ قىز توققۇز يىلغىچە بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقماپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ ئىشقا ناھايىتى ھەيران بوپتۇ. ئۇلار «بەلكىم كېلىنىمىز ئوردىدا تۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ قالغاندۇ، بىر ئاي سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلىپ كەلسۇن، كۆڭلى ئېچىلىپ خۇش بولۇپ قالار» دەپ، مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە بۇ ئويىنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغلىمۇ دەرھال قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، كىچىك ئىككى بالىسىنى ئېلىپ سەيلىگە مېڭىپتۇ. سەيلە قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار قىز چوڭ بولغان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە قىز ئاتتىن چۈشۈپ «ئاھ ئاتام، ئاھ ئانام» دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىر پەس يىغلىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە مەلىكە كۈلدى، ئەمدى ئوردىغا قايتساق بولار، دەپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھ بىلەن خانىشقا سەيلىدىكى ئىشلارنى يەنى مەلىكىنىڭ يىغلاپ - كۈلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ مەلىكىنى ئايرىم ئالدىغا چاقىرتىپتۇ ۋە قىزغا مۇنداق دەپتۇ:

— قىزىم، بىز سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز، سىز بىزگە كېلىن بولغىلى ئون يىلدەك بولۇپ قالدى. مۇشۇ چاغقىچە سىز بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدىڭىز. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەپ ئوغلۇم سىزنى سەيلىگە ئېلىپ چىققانىدى. بىر جايغا بارغاندا سىز ئاۋۋال يىغلاپسىز، ئارقىدىن قاتتىق كۈلۈپ كېتىپسىز، سىزنىڭ ئاشۇ يىغلىشىڭىزنىڭ ۋە كۈلۈشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىدىكىن؟

قىز بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— سەيلىدە مەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، شۇ يەردە چوڭ بولغان ئۆڭكۈرنى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا ئۇ يەرگە بېرىپ يىغلاپ كەتتىم. كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبى مەن كېيىك سۈتى ئېمىپ چوڭ بولۇپ، شۇ يەردە ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتىمەن، لېكىن مۇشۇ كەمگىچە ئاتا - ئانامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىمگە ئەجەبلىنىپ كۈلۈپ كەتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— بۇ قانداق گەپ، بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى، — دەپ ئون نەچچە كىشىنى بۇ ئىشنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇپتۇ. لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ.

ئاخىر پادىشاھ ئۆز ۋاقتىدا تۇل خو-
تۇننى ئۆلتۇرۇشكە ئەۋەتكەن ئىككى جاللات-
نى چاقىرىپتۇ .
جاللاتلار :
— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم ، شۇ چاغدا
سىز بىزنى ھامىلىدار تۇل خوتۇننى ئۆلتۇ-
رۇشكە بۇيرۇغان ئىدىلە . ئۇنى ئۆلتۇرۇش
ئۈچۈن چۆلگە ئېلىپ باردۇق ، ئەمدى ئۆل-
تۇرەيلى دەپ تۇرغاندا ئۇ بىر قىز تۇغدى .
لېكىن سىزنىڭ پەرمانىڭىز بويىچە ئۇ ئا-
يالنى ئۆلتۇرۇۋەتكەن ئىدۇق . سىز بالى-
نىڭ كېيىنى قىلمىغاچقا ئۇنى ئۆلتۈرمەي
شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ، —
دەپتۇ .
پادىشاھ شۇ ھامان قۇرئەندازلارنى چا-
قىرتىپ قۇرئە سېلىشقا بۇيرۇپتۇ . قۇرئەن-
دازلار قۇرئە سېلىپ :
— ئەي پادىشاھىئالەم ، بۇنىڭدىن
ئون نەچچە يىل بۇرۇن سىلىگە بىر پەرىشتە
ئۇچراپ : «مەن دۇنيادىكى بارلىق ئەر -
ئاياللارنىڭ نىكاھىنى بەلگىلىگۈچى» دې-
گەندە سىلى ئالتە ياشلىق ئوغۇللىرىنىڭ
نىكاھىنى سوراپتىكەنلا ، — دەپ بۇنىڭ-
دىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بولغان ئىش-
لارنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .
بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەن پادىشاھ
يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە :
— ئەي قىزىم ، نىكاھ - غايىب
ئىكەن . مەن خاتا ئىش قىپتىمەن ، پادى-
شاھلىقىمغا تايىنىپ ئانىڭىزنى ئۆلتۇرۇۋې-
تىمەن . لېكىن سىز يەنىلا مېنىڭ ئوغ-
لۇمغا مەنسۇپ بوپسىز ، ئاشۇ گۇناھىم ئۇ-
چۇن ناھايىتى خىجىلمەن ، — دەپ قىز-
دىن قايتا - قايتا ئەپۇ سوراپتۇ ۋە دەرھال
چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بارلىق ئاۋامغا :
— ئەي خالايىق ، مەن ئۆمرۈمدە
نۇرغۇن ناھەق ئىشلارنى قىپتىمەن ، خالا-
يىقنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن . ئەم-
دى ئوغلۇم مېنىڭ ئورنۇمغا پادىشاھ
بولسۇن ، — دەپ پادىشاھلىقنى ئوغلىغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ .
شاھزادە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئا-
تىسىنىڭ يامان ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئې-
لىپ ، يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ . شۇنىڭدىن
كېيىن «نىكاھ - غايىب» دېگەن ماقال
خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغانىكەن .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **مەخمۇت تالىپ**
توپلىغۇچى : **ئابدۇرېشىت ئىبراھىم**
(تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى )
مۇھەررىرى : **خۇرسەنئاي مەمتىمىن**


**«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ !**

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا ، قەدىمىي خوتەن دىيارىدا نەشردىن چىقىدىغان بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال — «يېڭى قاشتېشى» يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ھۇزۇرىڭىزدا بولىدۇ .
ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 26 - 58 ، يەككە باھاسى 2.50 يۈەن ، يېرىم يىللىق باھاسى 7.50 يۈەن . پۈتۈن يىللىق باھاسى 15 يۈەن . پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ 15 - نويابىردىن بۇرۇن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز .

خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# ئون توققۇزىنچى خوتۇن

**(چۆچەك)**

بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرتتىكى يەر، سۇ، ئورمان، يايلاقلارنىڭ ھەممىسى ھېكىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئىلكىدە ئىكەن. ھېكىم ئېگىز بوي، سېرىق چىراي، سىم بۇرۇت، قىزىل كۆز، كوسا ئادەم بولۇپ، ئۇ تولىمۇ قىزغانچۇق ئىچى تار ئىكەن. ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى ھېكىمباي دېيىشىدىكەن. ئۇ ئوتاقچى، مالايلارنى ئىشقا كۆپ سېلىپ، ھەقنى ئاز بېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، دائىم مەھەللىنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن. بۇ ئۆي 40 ئېغىز بولۇپ بىر ئىشىك بىلەن ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىكەن. پەقەت بىر ئېغىز ئۆيلا ئايرىم ئىكەن.

ھېكىم ئون توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۆيلىنىپتۇ. لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، ئالغان خوتۇنى يىگىرمە بىرگە يېتىپتۇ. يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ھېكىم خوتۇنلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يىگىرمە بىرىنچى خوتۇنىغا ئامراق ئىكەن. ھېكىم خوتۇنلىرىنى ئۆزى چاقىرمىغۇچە ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرەلمەيدىكەن.

ھېكىمباي غوجىدارى بىلەن يېقىن ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى غوجىدار ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ھېكىمباي، ئۆزلىرى ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا ئىگە كاتتا ئادەم. قوللىرىنى قەيەرگە سوزسىلا يېتىدۇ. شۇنچە خوتۇن ئالغان بولسىلىمۇ بىرەرى تۇغمىدى. پەرزەنت دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ چىرىغى ۋە مېۋىسى. ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ. ئۆزلىرىگە پال ئاچقۇزۇپ بېقىش زۆرۈر. بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا سۇلتانخان ئىسىملىك بىر پالچى بار ئىكەن. ئۇ كىتابقا قاراپ خېلى ئىشلارغا بېشارەت بېرەلەيدىكەن، شۇ كىشىگە بىر كۆرۈنۈپ باقسىلىمىكىن، — دەپتۇ. ھېكىمباي غوجىدارنىڭ مەسلىھەتىچە ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە سۇلتانخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپتۇ. ھېكىمباي كېلىش مەقسىتىنى سۇلتانخانغا ئېيتىپتۇ. سۇلتانخان تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، جەينامازغا چىقىپ، كىتابىنى ئېچىپ، تەسۋىيسىنى سىيرىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ.

— ئۆزلىرى مال ـ دۇنياغا تىنىپ كەتكەن كاتتا زات ئىكەنلا، ھازىر نىكاھلىرىدا يىگىرمە بىر خوتۇن بار ئىكەن. لېكىن بىرىمۇ تۇغماپتۇ. خوتۇنلىرى ئارىسىدا يىگىرمە بىرىنچى خوتۇنلىرى سىلىگە ئەڭ مېھرىبان ئىكەن. بۇ خوتۇنىنىڭ ھازىر بويىدا بار ئىكەن.

ھېكىمباي بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سۇلتانخان:

— بېگىم ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمىسىلە، بۇ خوتۇنلىرى ئارىسىدىكى بىرى ئادەم نەسلى ئەمەسكەن. پاتمىچۇقنىڭ كېلە بولمىقى مىڭ يىل. كېلە يەنە مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسە قىز بالىغا ئۆزگىرەرمىش. ئۆزلىرى مىڭ يىل ياشاپ پاتمىچۇقتىن كېلەگە، يەنە مىڭ يىل ياشاپ كېلەدىن قىز بالىغا ئۆزگەرگەن پاتمىچۇق نەسلىدىن بولغان قىز بالىنى نىكاھلىرىغا

ئېلىپلا. ھازىر خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما بىرى جەزمەن شۇنداق. ئاشۇ خوتۇن ھامان بىر كۈنى ھامىلىدار خوتۇنلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە قەست قىلىدىكەن. مال - دۇنيالىرىنى سورۇپ، يۇرتنى خارابىلىققا ئايلاندۇرىدىكەن. بالا - قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى شۇكى، سىلە قايتىپ بېرىپ يىگىرمە بىرىنچى خوتۇنلىرىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، قالغان يىگىرمە خوتۇننى بىردىن ئۆيگە سولاپ، ئۆز ئارا كۆرۈشتۈرمىسىلە، ئاندىن مەقسەتلىرىگە يېتىلا، — دەپتۇ:

ھېكىمباي تېخىمۇ ئېنىق ئەقىل كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بۇ ئادەم نەسلىگە يات خوتۇندىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى شۇكى، يۈز چارەك شور بىلەن ئادەم بويى كېلىدىغان، ئاغزىدىن ئادەم پاتقۇدەك، بىر تونۇر سالدۇرۇپ، ئەللىك ئۇلاغ ئوتۇن تەييارلاپ، تونۇرغا تۆمۈردىن تۇۋاق تەييارلىسىلا، تونۇرغا ئوت يېقىشتىن بۇرۇن ھەممە خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ، كىم نان ياقالىسىلا شۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىڭلارنى تالاق قىلىۋېتىمەن، دېسىلە، ئادەم زاتىدىن بولغان خوتۇنلار تونۇرغا قاراپ قورقۇپ كەينىگە يانىدۇ. ئارىدىن بىرى ئۆزىنىڭ نان ياقالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ دەل ھېلىقى خوتۇندۇر. بۇ چاغدا ئوت يېقىپ تونۇرنى راسا قىزدۇرۇپ، چوغقا ئايلاندۇرسىلا، ھېلىقى خوتۇن نان ياققىلى تونۇرغا ئېڭىشكەندە دەرھال ئۇنى تونۇرغا ئىتتىرىۋېتىپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، كۆمۈۋەتسىلە بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالىلا، — دەپتۇ. سۇلتانخان يەنە:

— ئۇ خوتۇننى چوقۇم پەرزەنتلىرى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشلىرى كېرەك، پەرزەنتلىرى ئوغۇل ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، قەلەمدە ھەم ئەلەمدە يېتىشكەن ئادەم بولىدىكەن، — دەپتۇ.

ھېكىمباي سۇلتانخانغا بىر كاللەك ئالتۇن بېرىپ يولغا چىقىپتۇ. قايتىپ كېلىپلا سۇلتانخاننىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارنى نان يېقىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ چاغدا ئون توققۇزىنچى خوتۇن ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ. ئەتىسى تونۇرغا ئوت يېقىپ تونۇرنى شۇنداق قىزىتىپتۇكى، تونۇرنىڭ شورى قايسى، ئوت قايسى ئايرىۋالغىلى بولماپتۇ. بەش چارەك ئۇندا خېمىر تەييارلاپ، ئون توققۇزىنچى خوتۇننى چاقىرىپتۇ. خوتۇن ناننى چاپلاش ئۈچۈن تونۇرغا ئېڭىشكەن ھامان ھېكىمباي بىلەن غوجىدار ئۇنى تونۇرغا ئىتتىرىپ تۇۋاقنى يېپىۋاپتۇ. تۇۋاقنىڭ ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمۈپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۈچ كېچە - كۈندۈز جان تالىشىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىگىرمە بىرىنچى خوتۇننىڭ كۆزى يورۇپ پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ھېكىمباينىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، مال - دۇنيالىرىنىڭ بىر قىسمىنى پۇقرالارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. يۇرت ئەھلى قىرىق كېچە - كۈندۈز مەشرەپ ئويناپ ھېكىمباينى تەبرىكلەپتۇ. ئوغلىغا يېڭىلمەس دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يېڭىلمەس، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر، پۇقرالارغا كۆيۈمچان بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ. پۇقرالار ئۇنى يۇرت بېشى قىلىپ بېكىتىپتۇ. ئۇ يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىرقى تونۇرلاردىن چىقىدىغان ئىس - تۈتەك، ھېلىقى خوتۇننىڭ كۆيۈكىنىڭ ئىسىمىش. كېلەنىڭ ئېغىر قات ئاياللارغا ئۆچلۈك قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆكسىگە چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇشۇ ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىققانمىش. پاتمىچۇق شۇنىڭدىن بۇيان ئادەم ئايىغى يەتمىگەن چۆل - جەزىرىلەردە ياشايدىغان ھەم كېلەگىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان بولغانمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مۆمىن مۇبارەك**
(چىرا ناھىيە توغراقئېغىل كەنتى 5 - مەھەللە)
توپلىغۇچى: **سادىر تۇرسۇننىياز**
(خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)
مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى

ئەسئەت سۇلايمان



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر كۆتۈرۈلگەن ياۋروپا ئېكسپلاتاتاسىيىچىلىرىنىڭ ئىچكى ئاسىيانى قەدىرىپ تەكشۈرۈش دولقۇنى داۋامىدا يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇساق ، ئۇلارنىڭ تەكلىماكان چۆلىنى بەئەينى ئاتەش دوزاخقا ئوخشىتىپ ، ئۇنى ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق چۆل دەپ قارىغانلىقىنى بىلىمىز . دەرۋەقە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ھەقىقەتەنمۇ ئىچكى ئاسىيادىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھالاكەت دېڭىزىدۇر . ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە ماشىنىغا چۈشۈپ تەكلىماكاننى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇق تاشيولىدا ماڭسىڭىز ئۆزىڭىزنى خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت دېڭىزىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز... سائەت - سائەتلەپ ماڭسىڭىز تۈگىمەيدىغان بۇ بارخانلار دۇنياسى ئادەمنى قىزدۇرىدۇ ، ئولوغسىيىلىك قاغجىراشتىن ھالسىرىتىپ ، ھەتتا خىياللىرىڭىزنى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنىمۇ قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ . سەھەردە بارخانلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى قوغلاپ ماڭسىڭىز ، كەچقۇرۇن قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغاندا ، سىزمۇ قۇملۇق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى تۇنجى بوستانلىق — نىيە ناھىيىسىگە يېتىپ بارىسىز . بۇنىڭ بىلەن بۇ يېشىل ئارال سىزنىڭ بىر كۈنلۈك سەپەر ھارغىنلىقىڭىزنى ئاللىقاياقلارغا يوق قىلىۋېتىدۇ...

شۇنداق ، تەكلىماكان بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى غايەت زور جەزىرە . ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تالاي بوستانلىقلارنى ۋە ئاۋات شەھەرلەرنى يۇتۇپ كەتتى . ئەمما ھارماس خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ بۇ يەردە يەنە كۆپلىگەن بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ تۇر-

دى . تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدى-
كى خوتەن دىيارىغا قەدەم باسسىڭىز ، ئۇي-
غۇر دېھقانلىرىنىڭ رەھىمسىز تەبىئەت
بىلەن قانداق كۈرەش قىلىپ ، قۇملار ئۇ-
چۇپ تۇرغان بۇ دەشت ـ باياۋاندا دۇنياغا
مەشھۇر بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتالىغان-
لىقىنى ھېس قىلىسىز . تارىختىن بۇيان
بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىغان بۇ تىنىم-
سىز كۈرەش جەريانىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى
پەقەت كۈچلۈك يېشىللىق ئېڭىنىڭ تۈرت-
كىسىدىلا ئىككى قولىغا تايىنىپ قەدىمكى
بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلىغا-
نىدى . نىيە بوستانلىقىدىن تەكلىماكاننىڭ
جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق
غەربكە ماڭساق ، قۇم بارخانلىرى بىلەن
شالاڭ چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ تۇر-
غان بوز رەڭ دالا ئۆزئارا كېسىشكەن بۇ
زونىدا مۇئەييەن ئارىلىقتىن كېيىن كېرى-
يە ، چىرا ، لوپ ، خوتەن ۋە قاراقاش قا-
تارلىق چوڭ تىپتىكى بوستانلىقلارنى
ئۇچرىتىمىز . چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخ-
شاش بولمىغان بۇ بوستانلىقلارنىڭ يې-
شىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى كىشى-
نى ھەيران قالدۇرىدۇ . ھەتتا خوتەن نا-
ھىيىسىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكى-
لاتى تەرىپىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ،
شۇنداقلا دۇنيادىكى يېشىللىق بىلەن قاپ-
لىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئو-
رۇنلارنىڭ بىرى بولغانلىقى سىزنى تېخى-
مۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ .

يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 50
مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ، دېڭىز ـ
ئوكيانلاردىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمى
يېتىپ كېلەلمەيدىغان ، قۇم ـ بورانلار-
نىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر ۋاقىت خالىي بولال-
مايدىغان كىلىماتى ناچار ، ئىقلىمى ئاجا-
يىپ قۇرغاق بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇقتا قان-
داق قىلىپ دۇنياغا مەشھۇر بوستانلىق
مەدەنىيىتى يارىتىلدى ؟

شۇنىسى ئېنىقكى ، بوستانلىق مەدە-
نىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ ئۇزاق جەريا-
نىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تەبىئەتنى چۈ-
شىنىش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىچكى بىردەك-
لىك ھاسىل قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روھىي
كەچۈرمىشلىرى سىڭگەنىدى . ئۇلار ۋە
ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىرى رەھىم-
سىز تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىنى پەپىلىمەيدى-
غانلىقىنى ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى
ھەر ۋاقىت پەپىلەپ ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ
تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشەن-
گەنىدى . ئۇلار قۇملۇق ، بوستانلىق ۋە
يىراقتىكى تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
قارىماققا ئايرىم دۇنيادەك كۆرۈنىدىغان ،
ئەمما ئىچكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى
تەقەززا قىلىدىغان كۆرۈنمەس دىئالېكتىك
بىرلىكنىمۇ خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغان-
دى . ئۇلار يەنە بۇ زېمىنىنىڭ يارىلىشىدىن-
لا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى
ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ، زېمىندىكى بارلىق
جانلىقلارنىڭ ھاۋا ، سۇ ، تۇپراق ۋە ئوت-
تىن ئىبارەت تۆت ئاناسىرنىڭ ئورگانىك
بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى-
نى ، خۇددى جىبران خېلىل جىبران
ئېيتقاندەك : «زېمىن نەپەسلەنسە ئادەم-
لەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ، زېمىن نەپەس-
تىن توختىسا ئادەملەرنىڭمۇ گۇمران بو-
لىدىغانلىقى» دەك قانۇنىيەتنى ئوبدان بى-
لەتتى... شۇڭلاشقا باشقىلار ئۈچۈن قور-
قۇنچلۇق جەزىرە ھېسابلانغان ، ئۈستىدىن
ئۇچار قانات ، ئاستىدىن چاھار پايلارنىڭ
ئۆتمىكى تەس بولغان بۇ چۆل ئۇلار ئۈ-
چۈن بۈيۈك ئانا ياكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئىدى !

مانا مۇشۇ يەردە — تۆت ئەتراپىنى
ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان ئىچكى ئاسىيا-
نىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقىدا قەدىمكى تارىم
مەدەنىيىتى يارىتىلدى . مەشرىق بىلەن

مەغرىبنى تۇتاشتۇرغان مەشھۇر يىپەك يو-
لىنىڭ قوۋۇقى ئېچىلدى. خوتەن قەغىزى
كەشىپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى-
نى يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ بوستانلىق مۇھىتىدا يېتىل-
دۈرگەن ئۆزگىچە ھېس - تۇيغۇلىرىنى،
ھۆللۈككە تەشنا گۈزەللىك قاراشلىرىنى،
قۇرغاق ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىقىپ
چەكسىز بوشلۇققا سىڭىپ كەتكەن غايىۋى
پىكىرلىرىنى هارماس قوللىرى بىلەن بىر
يىپ، بىر يىپتىن ئىشلەپ چىققان يىپەك
ۋە يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىغا سىڭدۇ-
رۇپ تاشلىدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇ-
يان ئۆزىنىڭ رەڭدار جۇلاسى، خىلمۇخىل
نۇسخىسى، قەلبلەرنى گۈزەل كۆرۈنۈش-
لەر بىلەن تويۇندۇرغۇچى سېھرىي كۈچى
بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقلىرى-
نى جەلپ قىلىپ كەلگەن خوتەن گىلىمى
بىلەن يەرلىك ئەتلىسى ئۆزىدە بوستانلىق
مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ مول ئىچكى مەز-
مۇنىنى ئەكس ئەتتۈردى. گىلەم بىلەن
ئەتلەسنىڭ ھەربىر سىزىقى، گۈل نۇس-
خىسى ۋە رەڭ تۈزۈلۈشىگە دىيارىمىزنىڭ
قارلىق تاغلىرى، مىڭلىغان دەريا - تارام-
لىرى، بىپايان قۇملۇقلىرى ۋە يۇل-
تۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلىرى ئۆزگى-
را گىرەلىشىپ كەتكەن كۆپ قىرلىق مۇ-
رەككەپ جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەسۋىرى
ئىپادە قىلىندى. ئۇلار دۇنيانى يەككە
رەڭ، تاق يۆنىلىش ۋە بىر مەركەزچىلىك
نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەم شەرق
تېرىمچىلىرىغىمۇ ھەم غەرب تەۋەككۇلچى-
لىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان سىممېترىك
تۇيغۇ ۋە كېسىلمە نۇقتىدىن كۆزىتىش-
نى ياقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ غايىۋى ئىدىيا-
لى، گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە تەپەككۇر
ئەندىزىسى مەڭگۇ كېسىشمەيدىغان پارال-
لېل سىزىقتا ئەمەس، بەلكى كۆپ يۆنى-
لىشتىن چىقىپ ئورتاق بىر نۇقتىدا قو-
شۇلۇشتا ئاندىن ئەۋجىگە يېتەتتى.

پايانسىز قۇملۇققا نىسبەتەن بوستان-
لىق ماكان جەھەتتىن ناھايىتى چەكلىك
دائىرە ئىدى. ھالبۇكى ئۇلار مۇشۇ چەك-
لىك دائىرە ئىچىدە ياشاپ يىراقتىكى
چەكسىز غايىۋى مەنزىرىلەرنى خىيال قى-
لىشقا كۆنۈككەنىدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمان-
لىرى ماناسقا ئوخشاش كۆك تۇلۇمدىن،
گۆر ئوغلىغا ئوخشاش گۆردىن، بۆكۈخان-
غا ئوخشاش دەرەخ كاۋىكىدىن تۇغۇلاتتى،
ئەمما قىسىلغان دائىرىدىن بۇ دۇنياغا ئا-
پىرىدە بولغان بۇ قەھرىمانلار قىرانلىق
مەزگىلىگە يەتكەن ھامان چەكلىك بوستان-
لىقلاردىن ھالقىپ چىقىپ يىراقلارغا يۈ-
رۈش قىلىشقا، دۇنيانى قۇچاقلاشقا ئاتلى-
ناتتى. سۇر رەڭ قۇملۇقلار ئارىسىدىكى
يېشىل مەرۋايىتتەك بوستانلىقلارنى ئوراپ
تۇرغان زەڭگەر رەڭ كۆكتە ھامان رىۋايەت-
لەردىكى سۇمۇرغ قۇشى پەرۋاز قىلىپ
تۇراتتى. كۇجۇم مەھەللىلەرنىڭ تومۇز
ئايلىرىدىكى دىمىق تۈنلىرىدە يىراقتىكى
قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چاپچىپ
تۇرغان شاش ئارغىماقلارنىڭ كىشنەشلى-
رى توختىماي ئاڭلىناتتى. ئۇلار مۇشۇ
بوستانلىقلاردا تۇغۇلغان قەلبى ئوتلۇق يى-
گىتلەرنى يىراق - يىراقلاردىكى گۈزەل
مەشۇقلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىشكە
تەييار تۇراتتى...

تەكلىماكاننىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا بىر
رىۋايەت ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكىدە پەيدا
بولغان مىڭلىغان بوستانلىقلارمۇ رىۋايەت
ئىدى. بوستانلىقلاردىكى بۇ ئاق كۆڭۈل
كىشىلەرمۇ ئەلمىساقتىن بۇيان رىۋايەت
ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۇچۇن
بارخانلارنىڭ كەينىدىن بەزى - بەزىدە
ئاڭلىنىپ قالىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ
كولدۇرما سادالىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلى-

رى ۋە داقا ـ دۇمباقلارنىڭ گۈرۈلدىگەن
ئاۋازلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلى-
كى يوق ئىدى . چۈنكى تۈنۈگۈنكى بىر
ئاۋات شەھەر ياكى بىر كۆجۈم مەھەللە
بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىغا غەرق بولاتتى ـ
دە ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۈگۈن يېڭى بىر بوس-
تانلىق بىنا بولاتتى . شۇڭلاشقا چەرچەن
خەلقى ئارىسىدا ھېلىھەم تارقىلىپ يۈر-
گەن «تاتىراڭدىن ئۆگزىگە چىققان خوراز
يەكەندە يەرگە چۈشىدۇ»[1] دېگەن رىۋايەت
ئاساسسىز ئەمەس ئىدى . شۇڭلاشقا ئۇلار-
نىڭ ھەممە نەرسىسى — خىيالىي چۈش-
لىرىمۇ ھەم رېئال دۇنياسىمۇ رىۋايەت ـ
قىسسەلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى .

بوستانلىقلاردىكى چەكلىك دائىرە بۇ
يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ خىيالىي تە-
سەۋۋۇرىنى چەكلەپ قويالمىدى . ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ يىپەك توقۇلما ۋە گىلەملى-
رىگە ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرگەن قانات-
لىق پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچار ئاتلىرىغا
مىنىپ دۇنيانى ساياھەت قىلدى . ھىمالايا
تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سىرلىق
ھىندى تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن بۇددى-
زىم ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتى 2000 يىل
ئاۋۋاللا بۇ يەردە گۈللىنىشكە ئېرىشتى .
«بەشنامە» دىكى دېداكتىك مەسەللەر
پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خۇرۇچلى-
رى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن «كەلىلە ۋە
دېمنە» نامى بىلەن بۇ يەردىكى بوستان-
لىقلاردا ئالقىشقا ئېرىشتى . «مىڭ بىر
كېچە» رىۋايەتلىرى ئۇلارنىڭ چاڭقاق ۋۇ-
جۇدىنى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن ، بەل-
كى يەنە ئىجادىيەت ئىلھامىنىمۇ تىنىمسىز
غىدىقلىدى .

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر ۋاپات بو-
لۇپ يۈز يىل ئۆتمەيلا بۇ يەردىكى كىشىلەر
ئۇنى قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە شەخسكە
ئايلاندۇردى . مەھمۇد قەشقەرىدەك بۈيۈك
تىلشۇناسمۇ ئۇيغۇر ، چىگىل قاتارلىق
مىللەت ـ قەبىلە ناملىرى بىلەن دىيار-
مىزدىكى بىرمۇنچىلىغان يەر ـ جاي نام-
لىرىنى ئىسكەندەر زولقەرنەيىن بىلەن
باغلىق بولغان رىۋايەتلەرگە تۇتاشتۇردى .
ئەڭ دەسلەپ «ئىنجىل» قىسسىلىرىدىن
باشلانغان «ئەسھابۇل كەھف» ھەققىدىكى
رىۋايەتلەر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي
قىرغاقلىرىدىن تەدرىجىي شەرققە تارقى-
لىپ ، «قۇرئان» قىسسىلىرىدە تېخىمۇ
بېيىپ ، دىيارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن ،
ئۇنىڭ ئورنى غەربىي ئاسىيادىن تۇرپان
تۇيۇققا يۆتكەلدى . تۆتىنچى خەلىپە ھەز-
رىتى ئېلى ھايات چېغىدا تەڭرىتېغىنىڭ بۇ
يېقىغا ئەسلا ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ ،
لېكىن پارس ئەدەبىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە
ئۇنىڭ دۇلدۇلغا مىنگەن غايىۋى سىماسى
تارىم بويلىرىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ
يۈردى .

قىسقىسى ، بۇ يەر ئىچكى ئاسىيادىكى
بىر پىنھان چوڭقۇرلۇق بولۇشىغا قارى-
ماي ، يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ھەرقاي-
سى ئەللەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خۇ-
رۇچلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى ۋە نا-
ھايىتى تېزلا ئۇلارنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ
تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى . ئۇلار ما-
نا مۇشۇ سىر رەڭ بارخانلار ئوراپ تۇرغان
بوستانلىقلاردا تۇرۇپ سىرتقى دۇنياغا
ھارماي تەلپۈندى . سىرتتىن كەلگەن يې-
ڭى ئۇچۇرلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل
قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق تارىم ئويمانلى-
قىغا چۆكتۈرۈلگەن بىر خىل دۇملەنمە

[1] بۇ رىۋايەت چەرچەن خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقال-
غان . تاتىراڭ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىس-
مىغا جايلاشقان 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا بولۇپ ، قە-
دىمكى زاماندا بۇ يەردىن ئاكى يەكەنگىچە تۇتاش بوستانلىق ۋە
مەھەللىلەر بولغان دېگەن رىۋايەت بار . ئەمەلىيەتتىمۇ نېيىدىكى
گەندىر خارابىلىرىمۇ بۇ يېزا بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە
توغرا كېلىدۇ .

ھالەتتىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جانلاندـ
ۇرۇشقا تىرىشتى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە
ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىدا يۈرەكلەرنى
لەرزىگە سالغۇچى گۈزەل ھېكايىلەر ۋە
مۇھەببەت قىسسىلىرى ئەۋج ئالدى . خوـ
تەن مۇشكى بىلەن خوتەن گۈزەللىرىنىڭ
نامى يىپەك يولى بويلاپ يىراق ئەللەرگىچە
تارقالدى . شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەـ
سەرلىرىدە خوتەن نامى چىن ، ماچىن ،
تۈركىي چىن دېگەنناملار بىلەن بىللە
تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىندى . ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە سەنـ
ئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى چەكسىز
كىدك ئېچىۋەتتى . شەرق ئىسلام ئەدەبىياـ
تىدىكى ئاجايىپ گۈزەل تېما موتىفلار كەيـ
نى ـ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا
ئۆزلىشىپ ، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر
گەۋدىلىشىشنى كۈچەيتتى . شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ، ئۇلار ئۆز قەھرىمانلىرىنىمۇ
يىراقتىكى غايىۋى ئەللەرگە سەپەر قىلـ
غۇزدى ھەمدە سەپەر رىيازەتلىرى ئارقىـ
لىق ئۇلارنى قىرانلىق سىناقلىرىدىن ئۆتـ
كۈزدى .

فەرھاد رىۋايەتلەردىكى ساكلارنىڭ
قەھرىمانى ئىدى . ئۇنىڭ ئەپسانىۋى پروـ
توتىپى قۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر قەيسەر
دېۋىگە تەتبىقلانغانىدى . نۇرغۇن ئەسىرلەر
ئۆتكەندىن كېيىن نەۋائىي سېھرىي تۇسى
قويۇق بولغان خوتەن بوستانلىقىنى فەرـ
ھادنىڭ ۋەتىنى قىلىپ تاللىۋالدى . شاھـ
زادە فەرھاد خوتەن بوستانلىقىدا تۇرۇپ
جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق گۈزەل ئەرـ
مەن مەلىكىسى شىرىننى كۆرىدۇ ۋە ئۇـ
نىڭغا ئاشىق ـ بىقارار بولىدۇ . ئاشىق
فەرھاد شۇنداق قىلىپ ئۆز ۋەتىنىدىن —
خوتەن بوستانلىقىدىن ھالقىپ چىقتى ۋە
ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ۋەتىنى بولغان يۇنانـ
غا قاراپ يول ئالدى . يولدىكى ئۈچ چوڭ
تۇسۇقنى يېڭىپ ئۆتۈپ جىسمانىي كامىلـ
لىققا يەتكەندىن كېيىن ، يۇناندىكى بىر
غاردا بۈيۈك سوقرات بىلەن كۆرۈشتى ۋە
ئەقلىي تاكامۇللۇققا ئېرىشتى . شۇنىڭدىن
كېيىنلا فەرھاد شىرىنغا مۇھەببەت قوـ
يۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىدى .
ئۇ ئاخىر ئەرمەنىستانغا باردى . قانال قېـ
زىپ تاغقا سۇ باشلاشتەك ئۇلۇغ قۇرۇـ
لۇشنى تاماملىدى . ئۇ ئەسلىدە شىرىن بىـ
لەن قوشۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى .
ئەمما ئويلىمىغان يەردىن تراگېدىيە ئاخىـ
رى يۈز بەردى . ئۇ شىرىنىنىڭ ۋەتىنىدە
يىراق خوتەنگە ئۇچقان شاماللارغا پىچىرـ
لاپ جان بەردى...



مانا بۇ
نەۋائىينىڭ
قەلىمىئاستىدـ
دىكى خوتەن
شاھزادىسىدـ
نىڭ سۆيگۈ
قىسسىسى ئىدـ
دى ، بوستانـ
لىق خەلقلىـ
رىنىڭ غايىـ
ۋى تەلپۈنۈـ
شى ئىدى .
ئۇلار قاتمۇ
قات قۇملۇقلار
بىلەن بىر ـ
بىرىدىن ئايـ
رىلىپ تۇرـ
غان چەكلىك
دائىرىدىكى
بوستانلىقلاردا
چۇش بىلەن
رېئاللىق ، غاـ
يە بىلەن ئەمەـ
لىيەت ئوتتۇـ
رىسىدىكى گىـ
رەلەشمە مۇـ

ھىتتا ياشاشقا كۆنۈككەنىدى . ئۇلار ئوق-
چۇپ تۇرغان چەكسىز ھېس - ھاياجىنىنىمۇ
ھەم يۈرەكنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىد-
غان تراگېدىك مەنزىرىلەرنىمۇ قوبۇل قى-
لىشقا تەييار ئىدى . بۇ ئۇلارنىڭ بوستان-
لىق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن
ئالاھىدە ئېستېتىك ئەندىزىسى ئىدى...

ۋاھالەنكى ھازىرقى زامان مەدەنىيى-
تىنىڭ مۇرەسسەسىز خىرىسى ھەممە نەر-
سىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى . بۇ يەرنىڭ تۇر-
مۇشىغا ، كەيپىياتىغا ۋە مەنىۋى تىندۇرمى-
سىغا سىڭىپ كەتكەن رىۋايەتلىك ھالەت
بۇزۇپ تاشلاندى . ئەلمىساقتىن بۇيان تەبى-
ئەت بىلەن بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇقنى
ساقلاپ كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيىتى
ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن
جىددىي ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشقا ئا-
مالسىز قالدى .

خوتەن قەغىزى بىلەن يەرلىك يىپەك
توقۇلمىچىلىقى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا را-
يونىغا مەشھۇر بولغان ئىككى چوڭ قول
سانائەت تۈرى ئىدى . بۇ مەھسۇلاتلارنى
80 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە
قەدەر خوتەن كوچىلىرىدا ئۇچراتقىلى بو-
لاتتى . ئەپسۇس ، ئون يىل ئۆتكەندىن كې-
يىنكى بۈگۈنكى كۈندە خوتەننىڭ بۇ ئىككى
ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ بازاردىن سى-
قىپ چىقىرىلغانلىقىنى ، زاۋۇتلاردا توپ -
توپى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ
ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئاستا -
ئاستا ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇ-
رۇۋاتىمىز .

تارىختىن قېپقالغان ھېچبىر ماتېرى-
يالدا ، ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلى-
رى يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ خوتەن رايو-
نىدا توپا يېغىش ھەققىدە ھېچقانداق خاتى-
رىنى ئۇچراتقان ئەمەسمىز . ھازىر ھايات
بوۋايلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندىمۇ بۇ-
نىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرىلا خوتەن
بوستانلىقىدا توپا يېغىش ھادىسىسى ئىنتا-
يىن ئاز ئىكەن . بۈگۈنكى كۈندە خوتەن
رايونىغا قاتتىق ئاپەت بولغان توپا يېغىش
ھادىسىسى بۇ يەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى
تەبىئەت بىلەن بولغان ئىچكى مۇۋازىنىتى-
نىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى .

دەرۋەقە ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭ-
لۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ يەردە ياشىغۇچى
ئىنسانلارنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتىنىمۇ
خېلى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇ-
رۇۋەتتى . ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئەلمى-
ساقتىن بۇيان كۆنۈككەن تۇرمۇش ئۇسۇلى
ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ كەسكىن تال-
لاشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ھاياتلىق رى-
قابىتىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار
ئەسلىدە ئېكولوگىيە بىلەن بولغان يۈك-
سەك دەرىجىدىكى ئىچكى بىرلىكنى ساقلاپ
كەلگەنىدى . قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ
ئاپئاق قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ كەل-
گەن پەسىللىك دەريا - تارماقلاردىن قانداق
پايدىلىنىشنى ، قاغجىراپ تۇرغان تەكلىما-
كاننى قانداق سۇغىرىشنى ئوبدان بىلەتتى .
ئۇلار يەنە سۇسىز بوزلارغا قوغۇن ، تاۋۇز
تېرىپ ، ئۇنىڭ پىلەكلىرىنى ياندىقنىڭ غو-
لىغا ئۇلاپ سۇغىرىشنى ھەمدە چاك - چاك
يېرىلغان چۆنەكلەردىن شېكەر تەملىك مې-
ۋىلەرنى ئېلىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى . ئۇلار
ئەزەلدىن تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىپ باق-
قان ئەمەس ئىدى . بەلكى تەبىئەتنى پەپى-
لەپ ، سىلاپ ، ئۇنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەت-
لىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ
كەلگەنىدى . ئۇلار گەرچە ئەسىر - ئەسىر-
لەردىن بۇيان پايانسىز قۇملۇقلار ئارىسىدى-
كى چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن
بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزلىرىنى يېتىم ، تەنھا
ھېس قىلمىغانىدى ، بەلكى ئۆزلىرىنى تە-
بىئەتنىڭ بىر قىسمى ، بارخانلارنىڭ ھەم-
راسى ، سانجاق - سانجاق قۇملارنىڭ دانى-
چىسى دەپ قاراپ كەلگەنىدى . ئۇلار
سىرتتىن قارىماققا خىلۋەت ، پىنھان ۋە
زېرىكەرلىك كۆرۈنىدىغان بوستانلىق تۇر-
مۇشنى ئاجايىپ رەڭدار ئىچكى مەزمۇنلار
بىلەن بېيىتقانىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئە-
دەبىيات - سەنئىتىنى ھەر تەرەپلەردىن
كېلىدىغان تۆگە كارۋانلىرى ئېلىپ كەل-
گەن يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن يېڭىلاپ تۇ-
رۇشقا ئادەتلەنگەنىدى . ئۇلار ئۆز مۇقام
كۈيلىرى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇ-
رۇشقا ، رىۋايەتلىرى بىلەن رېئاللىقنى بې-
زەشكە ، يېشىللىق تۇيغۇسى بىلەن قۇرغاق

مۇھىتنى ھۆلدەشكە كۆنۈككەنىدى . ئۇلار
ئېتىقادىنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ يادروسى
ھېسابلايتتى . ئاق كۆڭۈللۈك ، سادىقلىق ،
ئىخلاسمەنلىك ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى
بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى . ھەتتا ئۇلار ـ
دىكى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ
كەتكەن بۇنداق ئىخلاسمەنلىك تۇيغۇسى تا ـ
رىختا بەزىبىر مەنىۋى پاجىئەلەرنىمۇ كەل ـ
تۈرۈپ چىقارغانىدى . رىۋايەتلەرگە قارى ـ
غاندا ، شاھ مەشرەپ يەكەندىن خوتەنگە بار ـ
ماقچى بولۇپ يولغا چىققىنىدا ، بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغان خوتەن خەلقى «بىر ئەۋلىيا كې ـ
لەرمىش... » دەپ مەشرەپنىڭ يولىغا باش
قويغان . بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن شاھ مەش ـ
رەپ قاتتىق غەزەپ بىلەن : «ئېھ ، ئازغۇن
بەندىلەر ، بىر ئاللانى قويۇپ مەندەك بىر
بەندىگە باش قويۇپ چوقۇنۇشقا قايسى ئېتى ـ
قادىڭلار يول قويدى ! ؟ » دېگىنىچە ، ئەڭ
ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ
سىيگەنمىش...

شۇنداق ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئاق
كۆڭۈللۈكى ۋە ئەقىدە قىزغىنلىقى بەزىدە
ئۇلارنىڭ روھ تارىخىدىكى ئاچچىق تراگې ـ
دىيىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . ئۇ ـ
لاردا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك تەرەققىي
قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ تېبابىتى قۇرۇق
يىڭنە بىلەن قاينىتىلغان دورىلارنى ئاساس
قىلغان يىراق شەرق تېبابىتىگىمۇ ، نوقۇل
فىزىئولوگىيىلىك داۋالاش بىلەن خىمىيە ـ
ۋى دورىلارنى ئاساس قىلغان غەرب تېبابى ـ
تىگىمۇ ئوخشىمايتتى . ئۇلار تېبابەتنى تە ـ
بىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى ئورگانىك
بىرلىكىدە ، تېخىمۇ توغرىسى روھ بىلەن
تەننىڭ ، مىزاج بىلەن خىلىتلارنىڭ تەڭ ـ
پۇڭلۇقىدا كۆزەتكەنىدى . شۇڭلاشقا ئۇلار
ئۆز تېبابىتىگە ئىشىنەتتى . روھنىڭ مەڭ ـ
گۈلۈكلۈكىگە تېخىمۇ ئىشىنەتتى . ئاجا ـ
يىپ نەپىس قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنى بوس ـ
تانلىق ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس ـ
مىغا ئايلاندۇرغانىدى .

ئەپسۇسكى ، 20 ـ ئەسىر ھەممە نەر ـ
سىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى . تەكلىماكاندىكى
تەبىئىي فولكلور مۇزېيى بۇزۇلۇشقا باشلى ـ
دى . قاچانلاردىندۇر بۇيان بۇ يەرنىڭ رىۋا ـ
يەتلىك ئۆتمۈشى غايىب بولدى . دەريا بويى
ئەسلىدە تەكلىماكاندىكى غايىۋى ئارال ئى ـ
دى . قەدىمكى كېرىيىلىكلەر ھازىرقى زا ـ
مان مەدەنىيىتىدىن مۇستەسنا قالغان بۇ
غايىۋى ئارالدا 400 يىللىق رىۋايەتلىك
تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى . ئۇلار
ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىمغا كۆمۈلگەن تىنى ـ
دۇرما مەدەنىيىتىنى ئۆز رىتىمى بىلەن
ساقلاپ كەلگەنىدى . تۇيۇقسىز بىر كۈنى
مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئادەملىرى بۇ ئا ـ
رالنى بايقاپ قالدى . ئۇلار شۆلگەيلىرىنى
ئېقىتىپ ، چىشلىرىنى بىلەپ بۇ يەرگە يو ـ
پۇرۇلۇپ كېلىشتى . ئۆزلىرى بىلەن بىللە
مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇخىل باكتې ـ
رىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى .
شۇنداق قىلىپ ئون يىل ئۆتمەيلا بۇ يەر ـ
نىڭ 400 يىللىق رىۋايەتلىك ھاياتى غايىب
بولدى . خۇددى گارسىيە ماركۇسنىڭ «يۈز
يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى ماكېندو بازى ـ
رى بۇ ئالەمدىن ئەبەدىي غايىب بولغاندەك ،
دەريا بويىنىڭ ئۆتمۈشىمۇ تەكلىماكان باغ ـ
رىدىن مەڭگۈ غايىب بولدى...

بوستانلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ۋە
مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئۆزىگە خاس تاللىشى
ئىدى . بۇ خىل تاللاشقا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي
جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجتى ـ
مائىي تەرەققىيات يولى ئاساس قىلىنغانى ـ
دى . بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر نەچچە مىڭ
يىللاردىن بۇيان تەبىئەت بىلەن ياتلىشىش ـ
نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت يولىغا ئې ـ
لىپ بارىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەت ـ
تى . ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىغا — زېمىننى
سۆيۈڭلار . ئۇ بىزنىڭ ئانىمىز ! — دەپ
تەۋسىغانىدى . مانا بۈگۈن بىز ئاشۇ زېمىن ـ
نى دەسسەپ تۇرۇپ ، ئەجدادلار قالدۇرغان
قەدىمكى مەدەنىيەت مۇزېيىنىڭ ئاستا ـ
ئاستا خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇ ـ
رۇۋاتىمىز ، كۈندىن ـ كۈنگە قۇرغاقلى ـ
شىپ كېتىۋاتقان ئويمانلىق پىچىرلىماقتا :
— ئېھ ، ئادەملەر ، مېنى قۇتۇلدۇ ـ
رۇۋېلىڭلار !

(داۋامى بار )

مۇھەررىرى : يۈسۈپ ئىسھاق

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## ئۇخلاۋاتىمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كىرىپ، ئاغىنىسى بىلەن بىر سارايدا قونۇپ قاپتۇ. كېچىسى ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھە، نېمە گەپ؟

— بىرئاز پۇل قەرز سوراي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى. ئەپەندىم دەررۇ خورەك تارتىپ:

— مەن ئۇخلاۋاتىمەن! — دەپتۇ.

## مۈشۈكنى ئاداشتۇرۇش

نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ مۈشۈكى ناھايىتى چېچىلغاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم مۈشۈكنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى قاپقا سولاپ، شەھەر سىرتىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، بىر تونۇشى يولۇقۇپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، نەگە كېتىپ بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— بازارغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تونۇشى ھەيران بولۇپ:

— ھوي ئەپەندىم، بازار ئارقىدا قالدىغۇ! — دەپتۇ.

— ئاستا گەپ قىل، بۇرادەر، مۈشۈكنى ئاداشتۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## باغاق

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى توي قىلىپ، ئەپەندىمگە باغاق تارقىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەپەندىم پۈتۈن شەھەردە تەكەببۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان بىر باينىڭ باغىقىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— باغاق ئەكېلىشكە سىزدىن ياخشىراق ئادەم تېپىلماپتىمۇ؟

— ياخشىراق ئادەملەرمۇ بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — بىراق ئۇلار ياخشىراق ئادەملەرنىڭ باغىقىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

## يامان بۆلاق

ئەپەندىم تومۇز كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن چاكىلداپ كېتىۋاتسا، يولدا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بىراق بۇلاقنىڭ كۆزىگە قوزۇق قېقىپ قويۇلغانىكەن، ئەپەندىم كۈچەپ قوزۇقنى تارتىشقا يېغىلىپ قالغان سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئەپەندىمنىڭ ئۇستىۋېشىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم قوزۇقنى دەررۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىپ:

— ھەي بەچچىغەر، يامانلىقىڭدىن كۆزۈڭگە قوزۇق تىقىپ قويۇشقانىكەن، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

## قازىغا لايىق جاۋاب

قازى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قىرائەت قىلغاندا، قۇرئاننى خاتا ئوقۇپ قويغان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق چاغلاردا خاتا ئوقۇپ قويىسىز؟

— پۇلسىز ئاش يادىمغا چۈشكەن چاغدا، يات خوتۇننىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندە، قازى بولۇپ پارە يېگۈم كەلگەن چاغدا خاتا ئوقۇپ قويىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تەكىيە قىلاتتىم

ئەپەندىم شەھەردىن قايتىشىدا كەچ قېلىپ، بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە كەپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ قورسىقىدىن خەۋەر ئالمايلا، ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇياققا ئۆرۈلۈپمۇ، بۇياققا ئۆرۈلۈپمۇ ئۇخلىيالماپتۇ. ئاخىر ئىچكەركى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

— خۇش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ئىككى نان ئۇزىتىۋەتسىڭىز ! — دەپتۇ ئەپەندىم .

— كېچىدە نان نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغان ؟

— بېشىم پاكار بولۇپ قاپتىكەن ، ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ ،ناننى تەكىيە قىلاتتىم ، — دەپتۇ ئەپەندىم .

خورجۇن

ئەپەندىم بازارغا كىرىپ خورجۇننى يوقىتىپ قويۇپتۇ . ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا باھانە كۆرسىتىپ :

— خوتۇن ، بۈگۈن بازاردا كارامەت ئىش بولدى ، قارا ، ھەممە ئادەم خورجۇننى يوقاتتى ، — دەپتۇ .

— سىزچۇ ؟

— ھەممە ئادەم يوقاتسا ، مەن قاراپ تۇراتتىممۇ ؟ ئەلۋەتتە مەن ھەممىدىن ئاۋۋال يوقاتتىم - دە ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم .

كۆزەينەكنى ئېلىۋەت

ئەپەندىم ئۇخلاۋېتىپ يېرىم كېچىدە خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ :

— خوتۇن ، خوتۇن ، چاققان بول ، كۆزەينەكنى ئېلىۋەت !

خوتۇنى ھەيران بولۇپ :

— يېرىم كېچىدە كۆزەينەكنى نېمە قىلىسىز ، — دەپتىكەن .

— ياخشى بىر چۈش كۆرگەن ئىدىم ، بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، — دەپتۇ ئەپەندىم .

توپلىغۇچى : خۇرسەنئاي مەمتىمىن

## ئىنساپ ئۈستۈنمۇ مال - مۈلۈكمۇ ؟

پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ، مال - مۈلۈككە تىقىلىپ كەتكەن كەنت باشلىقى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولۇپ ، جامائەت ئارىسىدا ئولتۇرغان ئەپەندىمدىن :

— ئەپەندىم ، قېنى دەپ بېقىڭا ، ئىنساپ ئۈستۈنمۇ ، مال - مۈلۈكمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئەپەندىم دەرھاللا :

— ئۆزلىرىگە مال - مۈلۈك ، بىزگە ئىنساپ ئۈستۈن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

ئاللا بېرەرمۇ ؟

كەنتنىڭ بېيى ئېتىزلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەۋاتقان ئەپەندىمنى كۆرۈپتۇ ۋە :

— ئەپەندىم ، قاچانلا قارىسام ئېتىزلىقتا يۈرۈيسىز ، شۇنداق ئىشلەپمۇ تۈزۈك - رەك كۈن كۆرگىنىڭىز يوق . ئۇنىڭدىن كۆرە ئىبادەت قىلسىڭىز ، ئاللا بېرىدۇ . ئەمەسمۇ ؟ — دەپتۇ .

— بېگىم ، — دەپتۇ ئەپەندىم ، — ئۆزلىرىدەك توققۇزى تەل يېقىن قوشنام بەرمىگەن يەردە ، يىراقتىكى ئاللا بېرەرمۇ ؟

تۇمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن

ئەپەندىم يەر سۈرۈپ يۈرسە ، يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ :

— ئاتا ، ئاتا ، كەنتنىڭ مىڭبېشى مەھەللىدە توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە : «ھازىر ناھىيە ئامبىلىنىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى ، مېنىڭچە 300 ياشقا كىرىشىدە گەپ يوق» دەيدۇ ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئاچچىقى بىلەن بالىسىنى بىر كاچات سېلىپ :

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ، — دەپتۇ . ئەپەندىمنىڭ ئوغلى يىغلاپ كېتىپ بارسا ، مىڭبېشى ئۇچراپ قاپتۇ ۋە :

— ھوي بالا ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنى دەپبەرسەم ئاتام ئۇرۇۋاتىدۇ ، — دەپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان مىڭبېشى ئەپەندىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، ناھىيە ئامبىلىدىن ئىنئام ئالماقچى بولۇپ ، ئىككى پايلاقچىنى كەينىگە سېلىپ ، ئېتىزلىققا بېرىپتۇ ۋە :

— ئەپەندىم ، ھېلى بالىڭىزغا نېمە دېدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئەپەندىم :

— مىڭبېشى ، ھەممىمىز ئامبالنى مىڭ يىللار ياشايدۇ دەۋاتساق ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىرى ئۇ ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

قاھار ئابدۇرېشىت (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى )

مۇھەررىرى : ئەسقەر مەخسۇت

# ۋاپادارىڭ مەن بولاي

تاغ يوللىرى يامان يول ،
ئېتىم ئاقساپ ماڭالماس .
كۆڭۈلدىكى يارىمنى
ئىزدىگەندە تېپىلماس .

كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكى ،
رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكى .
مېنى يامان دېگەنلەر ،
ئايغىمىنىڭ پېتىكى .

ۋەدە قىلىپ كەلمىدىڭ ،
ئايغا نەچچە ، ساناپ باق .
زادى كىمنى سۆيسەن ؟
كۆزنى ئېچىپ قاراپ باق .

سۆگەتنىڭ شېخى پەستە ،
كەتمەنگە بولۇر دەستە .
قىشتىمغا باراي دېسەم ،
كەچتە خەقلەر كۆرمەستە .

ئېتىمنى چاپاي چۆلگە ،
ئۆزۈمنى ئاتاي كۆلگە .
يار ئوتى يامان ئىكەن ،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە .

كۆزدە غازاڭ تاشلايدۇ ،
يېڭى ئۈسكەن تېرەكلەر .
يار دەردىدە ئۆرتىنىپ ،
كاۋاپ بولدى يۈرەكلەر .

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى ،
مېۋىلىرى تاغ بولدى .
يارىم قىلغان ئاھانەت ،
يۈرىكىمگە داغ بولدى .

دۇتار چالسام نەغمىگە ،
چۈشمىدىڭغۇ پەدىگە .
قارا كۆز تۇرالمىسىز ،
ئاخشام قىلغان ۋەدىگە ؟

ئاينى - ئايغا چاتايمۇ ؟
كۈننى - كۈنگە قاتايمۇ ؟
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە ،
ئىشىكىڭدە ياتايمۇ ؟

يىلتىزىنى چاپقاندا ،
دەز كەتمەمدۇ تېرەككە .
ئەمدى تاقەت قالمىدى ،
داۋا تاپاي يۈرەككە .

يارىمنىڭ ئۆيى يىراق ،
قىيىندى مېنى پىراق .
ئاڭلىسۇن دەپ يارىمنى ،
ئېيتىمەن ناخشا - قوشاق .

ھويلىڭىز بارالڭ يارىم ،
ئەتراپقا قارالڭ يارىم .
شەرەت قىلسام ئۇقمايدۇ ،
دىتى يوق سارالڭ يارىم .

ھەپتە ئۆتتى ئاي ئۆتتى ،
كۆرەلمىدىم يارىمنى .
بېشىم كۆككە يەتەتتى ،
كېلىپ سورىسا ھالىمنى .

دەرۋازاڭ ئەجەب يوغان ،
ئىلىپ قويغىلى بولماس .
كىشىنىڭ قولىدا يارىم ،
سۆيۈپ قويغىلى بولماس .

يارىمنىڭ ئېتى زورا ،
قولىدا كۈمۈش كورا .
ئاغرىسا مېنىڭ مەيدەم ،
يارىمنىڭ سۆزى دورا .

يارىم بەرگەن ياغلىقتا ،
كەشتىلەكلىك ئاي ، يۇلتۇز .
ئامرىقىمدىن ئايرىلىپ ،
قانداق ئۆتىمەن يالغۇز .

مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم ،
ئۆتكەن ھەپتە جۈمەدە .
سەن ئۆزۈڭنى داڭلىما ،
قاشلىق ئېتىپ كۆمەدە .

ياپيېشىل چىنار سەنمۇ ؟
قايرىلىپ سۇنارسەنمۇ ؟
مېنى ھەسرەتتە قويۇپ ،
ئايرىلىپ چىدارسەنمۇ ؟

بادام دوپپىلىق يارىم ،
باغقا سۇ ئاچاي دەيدۇ .
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ ،
غېيبىدە قاچاي دەيدۇ .

بوز لاچىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ،
سوقۇۋالدى تۇشقاننى .
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ ،
بىزدەك خۇدا قوشقاننى ؟

بۈگۈن كېچە ئايدىڭدا ،
بوسۇغاڭنى كولايمەن .
سېنى ئىزدەپ بارغاندا ،
خەلچىخان دەپ توۋلايمەن .

تاغقا چىقتىم سەيلىگە ،
كۆزۈم چۈشتى لەيلىگە .
يار ئۆزىنى سوراپتۇ ،
قويۇۋەتسەم مەيلىگە .

ئېتىزلارغا سۇ كەپتۇ ،
ئېقىپ جىلغا ساي بىلەن .
يارىم كەچتە كېلەرمۇ ،
يېڭى چىققان ئاي بىلەن .

كۆزۈم چۈشتى بويۇڭغا ،
ئۆزۈڭ سالغان قولۇڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
يارىم سېنىڭ يولۇڭغا .
توپلىغۇچى : ھەسەن تىلىۋالدى

# قۇم، چەرچەن، توغراق روھى

نۇرمۇھەممەت زامان

چەرچەن ناھىيىسى ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، چەرچەننى «چىرچان — چىن يولىغا بارىدىغان مۇسۇلمان چېگرىلىرىدىن بىرى» دەپ خاتىرىلەنگەن. چەرچەن تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما ساداسى بۇ قەدىمىي دىياردا نەچچە مىڭ يىل ياڭراپ، ھاياتلىقتىن خەۋەر بېرىپ تۇرغان. كېيىنكى مەزگىللەردە كېرىيە تەرەپتىن ئايۇپ ئوۋچى باشلىغان بىرقانچە كىشى بۇ جايغا ئوۋچىلىق قىلىپ كەپتۇ. ئۇلار تاغدىن چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ ئارالغا كېلىپ، بۇ جاينىڭ سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ بۇغداي، قوناق، ئارپا، سەۋزە، پىياز، چامغۇر، قوغۇن - تاۋۇز تېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەل دەسلەپ كېرىيەدىن ئون سەككىز تۈتۈن كۆچۈپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇلار قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ «قاشتېشى يولى»نى ئېچىپتۇ، شۇ ئاساستا «يىپەك يولى»نى بەرپا قىپتۇ. چەرچەن خەلقى يەنە تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇپ يىپەك يولىدىن ئۆتكەن سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت تارىخىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قەدىمىي ئىزلىرى ھېلىمۇ نۇرلىنىپ تۇرىدۇ.

ياز ئايلىرى چەرچەندە بالدۇر تاڭ ئاتىدۇ. بۇ يەرنىڭ خىزمەتچىلىرى باشقا جايلاردىن يېرىم سائەت بۇرۇن خىزمەتكە چۈشىدۇ. چۈش مەزگىلىدە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەچكە كىشىلەر سىرتقا چىقالماي، سۆرۈن جايلاردا ئارام ئالىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە بولغاندىمۇ كۈن يانمايدۇ. بەزىدە ئۇشتۇمتۇت شامال چىقىپ، ئاسماندىن قۇمساڭغۇ توپا يېغىپ، پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. چەرچەننىڭ جەنۇبىدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاستىدا مىڭ يىللاردىن بۇيان قىزىشىپ كۆيۈپ تۇرغان كۆمۈرلۈكتىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ۋە گاز شەھەر ئاسمىنىنى قاپلىۋالىدۇ. ئادەملەرنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىدۇ. رەستە، ھويلا - ئارام، باغ، دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت توپا قاپلايدۇ. يىراقلاردا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەيدۇ. قاراسلاپ چاقماق چېقىپ، شارقىراپ يامغۇر ياغىدۇ. بىردەملىك يامغۇردىن كېيىن ھاۋا سۈزۈلۈپ، رەڭدار ھەسەن - ھۈسەن گۈزەل مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ.

## چەرچەنلىكلەر

چەرچەن ئادەملىرىنىڭ بەدەن قۇرۇ-

لۇشى ، چىرايى ئۆزگىچە بولۇپ ، بەزىلىرى
قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ سىماسىنى ئەسلە-
تىدۇ . تېرىسى قىزغۇچ ، يۈزى سوزۇن-
چاق ، قاڭشارلىق كېلىدۇ . چېچى سار-
غۇچ ، كۆزلىرى يوغان بولۇپ كۆل رەڭ ،
سۇس يېشىلغا مايىل . ئاياللىرىنىڭ ئىچى-
دە كىرۇران گۈزىلىگە قۇيۇپ قويغاندەك
ئوخشايدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇ يەردە
قورساق سېلىپ سەمرىپ كەتكەن ، تەتۈر
ئۇستىخان ، كېلەڭسىز ئادەملەر يوق .
ئەكسىچە ئورۇق ، كۆچتۈڭگۈر ، ئېگىز ئا-
دەملەر كۆپرەك ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن
سالاملاشقاندا ، مەيلى ئاياللار بىلەن ئاياللار
ياكى ئاياللار بىلەن ئەرلەر بولسۇن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . تولۇق كېرىيە تە-
لەپپۇزىدا سۆزلىشىدۇ . قۇملۇق ئىچىدىكى
بۇ كىچىككىنە بوستانلىقتا ساددا ، راست-
چىل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەت يەنىلا دا-
ۋاملاشماقتا . تارتىنىش ، تۈزۈت قىلىش ،
ياسالمىلىق قىلىش مەۋجۇت ئەمەس . نېمە
دېمەكچى بولسا ئوچۇق دەۋېرىدۇ . غەيۋەت-
نى نومۇس ئىش دەپ قارايدۇ .

بۇ يەردە ئىسىمنىڭ ئاخىرىسىغا
«جان» ، «گۈل» قوشۇمچىلىرى ئەمەس ،
بەلكى «ئاخۇن ، خان» قوشۇمچىلىرى قو-
شۇلۇپ ئېيتىلىدۇ . چەرچەن يەر- جاي
ناملىرىنىڭ ئاتىلىشىمۇ ھەم قەدىمىي ھەم
يەرلىك تۈس ئالغان . مەسىلەن : قوش
ساتما ، زاغۇنلۇق ، ئۈي يايلاق ، چاكاندا
ساي ، سېرىققول ، تۆگە سۇلاق ، سۇ بۆس-
كەن ، باغئېرىق ، ئاقتىكەندۆڭ ، قوراملىق
جاندار تېرىم ، قىران ۋەھاكازالار . بۇ ئى-
سىملارنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل ۋە تەتقىق
قىلىپ باقساق ، دانىشمەن ئەجدادلارنىڭ بۇ
ئاتالمىلارنى ئاشۇ رايون تەۋەسىدە يۈز بەر-
گەن ئۆزگىرىش ، ۋەقەلەر ، مەشھۇر ئادەم-
لەر ، شۇ يەردىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ
نامى ، جۇغراپىيىلىك ئۆزگىچىلىكىنى ئا-
ساس قىلىپ ئاتىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز .
مەسىلەن : قىران - ناھىيە بازىرىنىڭ توق-
قۇز كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان كەنت-
نىڭ نامى بولۇپ ، 1914 - يىلى قىران
دېگەن بىر كىشى ئائىلىسىدىكى ئالتە جان-
نى باشلاپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ، بوز
يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان . شۇنىڭدىن
باشلاپ بۇ جاي «قىران» دەپ ئاتالغان .

چەرچەندە گۆش كۆپ بولغاچقا گۆش-
لۈك تاماقلار — زىخ كاۋاپ ، تونۇر كاۋى-
پى ، سۇدا پىشۇرۇلغان گۆش ، باش -
پاقالچەك ، ئۆپكە - ھېسىپ ئاساسلىق يې-
مەكلىككە ئايلانغان .

چەرچەن ناھىيىسى ئىگىلىگەن يەر
كۆلىمى جەھەتتە ئېلىمىز بويىچە ئىككىن-
چى چوڭ ناھىيە . ئەمما بۇ ناھىيىدە يۈز
بەرگەن بىرەر يېڭىلىق بىردەمنىڭ ئىچىدە
پۈتۈن ناھىيىگە تارىلىپ ھەممە كىشى بى-
لىدىغان خەۋەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

## توغراق

چەكسىز قۇملۇق . مانا بالىلىق چاغ-
لىرىمدا ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى ئادەمزات
قەدىمى يەتمىگەن ، ھايۋانلار ، ئۇچار قانات-
لار كىرىپ قالسا ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ
كېتىدىغان سېھىرلىك تىلسىماتتىن ئۆت-
مەكتىمەن . قۇمدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئال-
ۋۇن تونۇردىن ئۇرغان يالقۇندەك يۈزۈم-
گە ، بىلەكلىرىمگە ئۇرۇلۇپ كۆيدۈرمەك-
تە . بۇ يەردە نە سۇ ، نە دەل - دەرەخ ،
ئوت - چۆپ يوق . ئاسماندىن ئايلاپ ، يىل-
لاپ بىرەر تامچە يامغۇر ياغمايدۇ . بەلكى
قۇم ياغىدۇ . ئەتراپ بىر - بىرىگە تۇتى-
شىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن قور-
شالغان . ئالدىمىزدىكى قۇم ئىچىدە قارى-
يىپ تۇرغان تاشيولنىڭ شىمالى تەرىپىدى-
كى قۇم جەنۇب تەرىپىگە كۆچۈۋاتىدۇ .

سۈدەك ئېقىۋاتقان قۇمدىن پۈرقىراپ كۆ-
تۈرۈلگەن ئاپئاق توپا گويا تۇماندەك يەردىن
ئاسمانغا ئۈچ تارتىپ چىقىۋاتىدۇ . يىراق-
لاردا قويۇنتاز ئۇسسۇلغا چۈشتى . قۇمغا
قاراۋېرىپ هاردۇق يەتتى بولغاي كۆزلىرىم
ئېچىشتى . كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۇيقۇغا كې-
تىپتىمەن . كۆزۈمنى ئاچسام پاك - پا-
كىز ، شىشىدەك سۈپ - سۈزۈك ئاسمان
تېگىدە قاتار - قاتار تۇرغان توغراقلار ناما-
يان بولدى .

توغراق دۇنيادا بارغانسېرى ئازىيىپ
كېتىۋاتقان ئەتىۋارلىق ھەم خاسىيەتلىك
دەرەخ . ئۇ ئاۋات ، گۈزەل شەھەرلەردە ئە-
مەس ، بەلكى يىراق چۆل - جەزىرىلەردە
ئۆسىدۇ . يەرلىك خەلق توغراق ھەققىدە
مۇنداق نەزمە توقۇغان :

توغراق ئۆسەر مىڭ يىل قۇرۇماي ،
قۇرۇسىمۇ تۇرار مىڭ يىل چىرىماي .

توغراقنى ھېچكىم تىكمەيدۇ ، ئۆستۈرمەي-
دۇ . بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ شورلۇق قىسمى-
تىگە پىسەنت قىلماي ئانا تۇپراقتىن ئو-
زۇق ئېلىپ ئۆسۈۋېرىدۇ . قۇم - بوران
توپا - تۇمان ، كۆيدۈرگۈچ يالقۇنلار ئۇنىڭ-
غا زەربە بەرسىمۇ توغراق چىداملىق ، ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان يىلتىزى بىلەن يەرنىڭ
ئاستىنقى قەۋەتلىرىدىكى نەملىكنى سۈمۈ-
رۈپ ، بۇ دوزاخ ئازابلىرىغا تاقابىل تۇرى-
دۇ . توغراقنىڭ ھايات كەچۈرۈشى قېقى-
نۇس قۇشلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈشى بى-
لەن ئوخشاپراق كېتىدۇ . قېقىنۇسلار
500 يىل ياشىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى
ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىپ ، قايتا تىرىلىدى-
كەن ، ئاندىن يېڭى ھاياتىنى باشلايدىكەن .
توغراق نوتا چىقىرىپ كۆكلەپ ، باراقسان
دەرەخقە ئايلىنىدۇ . شۇ گۈزەل ھۆسن -
جامالى بىلەن چۆل - جەزىرىلەرنى باغۇ
بوستانلىق تۈسىگە كىرگۈزىدۇ . مىڭ يىل-
دىن كېيىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان

(بەزىلىرىگە قېرىلىق يېتىپ يىقىلىدۇ ،
بەزىلىرىگە چاقماق چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋېتى-
دۇ ) ھالەتتىمۇ يەنە نوتا سۈرۈپ كۆكلەي-
دۇ . كۈمۈش رەڭ يوپۇرماقلار شادلىقتىن
چاۋاك چالىدۇ . توغراق مەيلى كۆكلى-
سۇن ، مەيلى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قال-
سۇن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈ-
چۈن ياشايدۇ . تەكلىماكان قۇملۇقى شى-
مالدىن جەنۇبقا ، شەرقتىن غەربكە قاراپ
سۈرۈلۈپ تاتىراڭ يېزىسى تەۋەسىدە كەڭ
كەتكەن قۇملۇقنى پەش قىلدى ؛ ناھىيە با-
زىرىنىڭ تۆت كىلومېتىرلا شەرقىدىكى
ئىككى دەريا ئارىسىغا جايلاشقان ئارال يې-
زىسى ھازىر قۇملۇقنىڭ قورشاۋىدا قال-
دى . قۇملۇقنىڭ كېڭىيىشىدىن قارىغاندا ؛
ئەگەر بۇ يەردە چەرچەن دەرياسى ۋە توغراق
ئورمانلىقى گويا مەزمۇت سوقۇلغان توغاد-
دەك توسۇپ تۇرمىسا ، قۇم چەرچەن بوس-
تانلىقىنى يۇتۇپ كېتىدۇ . توغراق قەھرى-
تان قىشتا قار - شىۋىرغان ، زەھەردەك
چېقىۋاتقان سوغۇقتا ، تومۇز ئايلىرى تىنى-
جىق ، دىمىق ھاۋا ، پىژ - پىژ كۆيدۈرىدى-
غان ئاپتاپقا پىسەنت قىلماي ۋەتەن چېگرى-
سىنى قوغداپ تۇرغان مەردانە جەڭچىدەك
گۈزەل باغۇ بوستانلىقلىرىمىزنى قۇم ئاپى-
تىدىن ، گۈللەنگەن شەھەرلىرىمىزنى قۇر-
غاقچىلىقتىن قوغداپ ، زەبەردەس قەد كۆ-
تۈرۈپ تۇرىدۇ . توغراق قەيسەرلىك ، پىدا-
كارلىق ، شەپقەت - شاپائەتنىڭ سىمۋولى .

## تەكلىماكان

چەرچەن بوستانلىقىنىڭ پەيدا بولۇش
تارىخى قۇم - بوران بىلەن جان تىكىپ
ئېلىشىش ، ئىزچىل كۈرەشنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ ، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىنىڭ ھۇ-
جۇمىنى تۇسۇپ ، بوز يەر ئېچىپ ، بوستان-
لىق يارىتىش تارىخىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن

بۇ رايوننىڭ يەر - جاي ، كوچا - مەھەللە ، كەنت - يېزا ، ئوتتاۋ - يايلاق نامىلىرى دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھ ، مېۋە - چېۋە ، قوغۇن - تاۋۇز ، ھاۋا كىلىماتىغا دائىر ئاتالمىلىرى ، خەلق ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان يارىتىلغان خەلق ئەدەبىياتى - ئەپسانە ، رىۋايەت ، قوشاق ، داستان ، چۆچەك لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسى قۇم بىلەن بوران دېگەن ئىككى سۆزدىن ئايرىلالمايدۇ .

تەكلىماكان بۇرۇن گۈزەل باغۇ بوستان ، ئېتىز - ئېرىقلار بىلەن تولغان كاتتا يۇرت ئىكەن . ئېكىنلىكلەرنىڭ ھوسۇللىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن . خەلقى ھۈنەر - سەنئەتتە تەڭداشسىز ئىكەن . يات ئەللەر دائىم بۇ يەرگە كۆز تىكىدىكەن . ئۇلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئالالماپتۇ . ئاخىر ئۇلار كۈھىقاپ پادىشاھلىقىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ ، ھازازۇل جادۇگەرنى سېتىۋېلىپ تەكلىماكان بوستانلىقىغا ئەۋەتىپتۇ . ھازازۇل جادۇگەر بۇ يۇرتنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز سېھىر قىپتۇ . سېھىر كارغا كەلمەپتۇ . يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئەپسۇن ئوقۇپتۇ . ئەپسۇنلىرىمۇ كارغا يارىماپتۇ . ئاخىر ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ . بۇرۇنقى زامانلاردا چىن ماچىن يەر يۈزىدىن 500 يىللىق ئېگىزلىكتىكى مۇئەللەقتە شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ چىققان غايەت زور تاغ باركەن . جادۇگەر ھېلىقى زور تاغنى سېھىر قىلىپ ئۇۋاپ ، قۇمغا ئايلاندۇرۇپ ، تەكلىماكان بوستانلىقىغا قىرىق كېچە - كۈندۈز قۇم ياغدۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ گۈزەل يۇرت قۇم ئاستىدا قاپتۇ .

## تاتىراڭ

تاتىراڭ يېزىسىنىڭ شەرقى چاقىلىق ناھىيىسى ، شىمالى تەرىپى تەكلىماكان چۆلى قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ . تاتىراڭلىقلار يېرىم دېھقانچىلىق ، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . گەرچە قەدىمكى زامانلاردا بۇ جايلار كۆجۈم مەھەللىلەر بىلەن قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن يۇرت بولسىمۇ ، كېيىن قاتتىق چىققان بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپتۇ . بوران چەرچەن دەرياسىنى قۇم بىلەن تىندۇرۇپ تاشلاپتۇ . ئېتىز - ئېرىق ، باغۇ بوستانلىقلارنى قۇم بېسىۋاپتۇ . بۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە يەتتە ئائىلىلىك ئادەم ياشاپتىكەن . ئۇلار بوران كۆچىيىپ شەھەرنى قۇم بېسىۋاتقان پەيتتە خامان تېپىۋاتقانىكەن . قارا بوراندا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي ، يەتتە جايغا بېكىتتىكەن مومىنى چۆرگىلەپ خامان تېپىۋېرىپتۇ . تۆت كېچە - كۈندۈز چىققان بوران توختاپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، تاتىراڭ شەھىرىدىن ئەسەر يوق . كۆز ئالدىدا قۇم بارخانلىرى تۇرغۇدەك ، پەقەت يەتتە جايغا قادالغان موما ياغاچنى ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان يەتتە ئادەملا ھايات قاپتۇ . كېيىن ئۇلار قۇم ئاستىدا قالغان شەھەردىن كۆچۈپ ھازىرقى جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ . ھازىرقى تاتىراڭلىقلار قۇم - بوراندىن ئامان قالغان ئاشۇ يەتتە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن .

## لەلىلىك خارابىلىقى

لەلىلىك خارابىلىقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئالتە كىلومېتىر غەربىي - جەنۇبىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان . بۇ خارابىلىق قۇملىشىپ ياردۇڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالغان . يەر يۈزىدە ساپال قاچا ، تۆمۈر پارچىلىرى ، تۆمۈر داشقاللىرى چېچىلىپ ياتىدۇ .

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە «قەدىمكى زامانلاردا لەلىلىك ناھايىتى كاتتا شەھەر

ئىكەن . ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ زىچ ۋە تو-
لىلىقىدىن بىر خوراز ئۆگزىدىن يەرگە چۈ-
شەلمەي ئۆگزىمۇ ئۆگزە تاقلاپ ، قىرىق
كېچە ـ كۈندۈزدە ئاران يەرگە چۈشەلەيدى-
كەن . » ، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا لەل-
لىكتىن ئۆگزىگە چىققان توخۇ يەكەندە
يەرگە چۈشىدىكەن . » شۇ زامانلاردا بۇ شە-
ھەردە ئاچ كۆز ھەم خەسىس بىر پادىشاھ
ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ خەزىنىسىدە ھەددى ـ
ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش ، لەئلى ـ
ياقۇت ، جاۋاھىرلىرى بار ئىكەن . شۇنچە
مال ـ دۇنياغا قانائەت قىلماي ئۇ دائىم تاغ
تەرەپتىكى پارقىراپ تۇرغان قارلىق چوق-
قىنى كۆرسىتىپ «ئاشۇ تاغدەك لەئلى ـ
ياقۇتلىرىم بولسا ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىمگە
يېتەتتىم» دەيدىكەن . بىر كۈنى ئۇشتۇم-
تۇت جاھان قاراڭغۇلىشىپ ، بىر ئازدىن
كېيىن تاغ تەرەپتىكى بۇرجەك يورۇپ ،
كەلكۈن شەھەرگە يامراپ كېلىشكە باشلاپ-
تۇ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە شەھەر سۇ
ئاستىدا قاپتۇ . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
سۇ يەرگە سىڭىپ ، بۇ جايلار تامامەن قۇم-
لۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ . خېلى ۋاقىتلار
ئۆتۈپ كېتىپتۇ . كىشىلەر ئوتۇن ئەكې-
لىش ئۈچۈن ، بۇ چۆلگە كېلىپ بۇ يەردە
چېچىلىپ ياتقان لەئلى ـ ياقۇت ، سەدەپ
مۇنچاق ، ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئۇچرىتىپ ،
ھەر قېتىم ئوتۇنغا كەلگەندە ئېلىپ قايتى-
دىغان بوپتۇ . باشقىلار نەدىن ئەكەلگەنلى-
كىنى سورىسا «لەلىلىك»تىن دەيدىكەن .
شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ تۇزلەڭلىكنى
«لەلىلىك» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ .

چەرچەننىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نەچ-
چە مىڭ يىللارغا يىلتىز تارتقان . بۇنىڭ-
دىن 700 يىل بۇرۇنلا قىنىغا پاتماي دا-
ۋالغۇپ ئاققان چەرچەن دەرياسى ۋادىسىدا
پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، پارلاق تەرەققى-
يات تارىخىغا ئىگە خاسىيەتلىك مەدەنىيەت
بەرپا قىلغان . شۇڭلاشقا ھازىرقى چەرچەن
ناھىيىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى ، قەلئە خارابىلىرى ، كونا
قەبرىستانلىقلار ، تۇرالار ، قىيا تاش رە-
سىملىرى ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئابىدى-
لىرى ئۇچرايدۇ . خەلق ئىچىدە ساقلانغان
رىۋايەت ، چۆچەك ، داستان ، لەتىپە ، يەر-
لىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر خۇددى دېڭىز ئاستى-
دا ياتقان ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك جۇلالى-
نىپ ، دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى
سەيياھلار ، ئارخېئولوگلار ، تارىخ تەتقىقات-
چىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا . چەر-
چەننىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت
تارىخىنىڭ بۇ ئېسىل دۇردانىلىرى دانىش-
مەن ، سەنئەتخۇمار چەرچەنلىكلەر ئەقىل ـ
پاراسىتىنىڭ قىممەتلىك جەۋھەرلىرىدۇر .

مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى

«قۇمۇل ئەدەبىياتى»نى تاللاڭ !

يېڭى رىقابەت ئېڭى ئۆز يۈكسەكلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يېڭىچە قىياپەت بىلەن يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۋاتىدۇ . «قۇمۇل ئەدەبىياتى» سەھىپىلىرىنى رەڭدارلاشتۇ-رۇپ ، ئوقۇرمەنلىرىنى تېخىمۇ جەلپ قىلغۇسى . مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ ، باشقىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغادىن كۆرە ، ئۆزىڭىزنىڭ ژۇرنىلى بولغان ياخشى . پەقەت 3.50 يۈەن سەرپ قىلسىڭىز ژۇرنالنىڭ بىر سانىغا ، 21.00 يۈەن سەرپ قىلسىڭىز كېلەر يىللىق ھەممە سانلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ئىگە بولالايسىز .

ھەرقايسى پوچتا ئىدارىلىرى ئارقىلىق ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە مۇشتەرى بولسىڭىز بولىدۇ . پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 59 ـ 58 . ئالاقىلاشقۇچىلار : سادىرجان ، مەريەمگۈل

ئادرېسىمىز : قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شەرقىي يولى . تېلېفون : 2254143 ، 2233741 (0902)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ئالتە ئاق قۇ

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، خانىشى بىلەن ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالتە شاھزادىسى، بىر مەلىكىسى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانىش ۋاپات بولۇپ كېتىپ، بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ يەنە توي قىپتۇ.

ئۆگەي ئانا مۇلايىمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن دىلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان بىر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ دائىم پۇرسەت تېپىپ بالىلارنى كۆزدىن يوقىتىۋېتىشنى ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ مەلىكىنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆيدىن ئايرىلىشى بىلەنلا يېڭى خانىش ئالتە شاھزادىنى چاقىرىپ، ئۇلارنى راۋاققا ئېلىپ چىقىپ بىرنەرسىنى كۆرسىتىمدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالتە شاھزادە راۋاققا چىققاندىن كېيىن ئۆگەي ئانا دېرىزىنى ئېچىپ بىرلا سېھىر ئىشلىتىپ شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاق قۇغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

پادىشاھ قايتىپ كېلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ ئىنتايىن تىت - تىت بوپتۇ. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەممە يەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بىر كۈنى مەلىكە ئورمانلىقتا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئاكىلىرى يادىغا كېلىپ قاپتۇ - دە، ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي مەلىكىگە ئالتە ئاكىسىنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئاق قۇغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ئاكىلىرى مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالىسىمۇ ئەمما سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي مەلىكىگە يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر ئاكىلىرىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولسىڭىز، يىڭنە ئىشلەتمەي قولىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە چاقالاق ئوتتىن كۆڭلەك تىكىپ بېرىڭ. سىزنىڭ كۆڭلەك تىكىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن. كۆڭلەكلەرنى تېزراق توقۇڭ. ئاكىلىرىڭىز ئاق قۇغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن كۈندىن باشلاپ يەتتە يىل ئىچىدە ئۇلار كۆڭلەكلەرنى كىيىپ بولۇشى شەرت. بولمىسا بەكلا كېچىككەن بولىسىز، كېيىن ئۇلارنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

مەلىكە بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى تېپىلغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ، شۇنداقلا يەنە كۆڭلەكلەرنى دېگەن قەرەلدە پۈتكۈزەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىپتۇ. ئۇ بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپتۇ ۋە چاقالاق ئوت ئۆسىدىغان جايلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، كېچىدە شۇ يەرگە بېرىپ نۇرغۇن چاقالاق ئوت ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇنى يەر ئاستى ئۆيگە يوشۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مەلىكە ھەر كۈنى ئاخشىمى يەر ئاستى ئۆيدە كۆڭلەك توقۇيدىغان بوپتۇ. چاقالاق ئوت ئۇنىڭ قوللىرىنى چېقىپ قاپارتىۋېتىپتۇ.

خانىش شاھزادىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ھەممىشە مەلىكىنى مەسخىرە قىلىدى-

(ئاخىرى 24 - بەتتە)

# تۇخۇم

ئۆتكەن زاماندا ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغان ئىككى شەھەردە داڭلىق ئىككى تېۋىپ ئۆتكەنىكەن . ھەر ئىككىسى سالامەتلىكنىڭ ئۇزۇقلىنىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىرمۇنچە كىتابلارنى يازغانىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تېۋىپلارنىڭ بىرى تۇخۇمنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ، كىشى كۈنىگە تۆت دانە تۇخۇمنى ئوتتا پىشۇرۇپ قىرىق كۈنگىچە ئۈزمەي يەپ بەرسە ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاي ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ . يەنە بىر تېۋىپ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ، كىمدەكىم كۈنىگە تۆت دانە تۇخۇمنى يېيىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرسا ، ھەزرىتى لوقمان ئېيتقاندەك تېنى ساغلام ، روھى كۆتۈرەڭگۇ ، چىرايى نۇرلۇق بولىدۇ ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ھەكىم ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا دېگەندەك تۇخۇم «ھاياتنى ياشارتقۇچى» دورىدۇر ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ .

بۇ ئىككى تېۋىپنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ھۆكۈمى بارا ـ بارا ئىككى شەھەر خەلقىنىڭ مۇنازىرىسىگە ئايلىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىككى تېۋىپ خەت ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىشتىن يۈزمۇيۈز مۇنازىرە قىلىشقا ئۆتۈپتۇ .

تۇخۇمنىڭ زىيىنى يوق ، دېگەن تېۋىپ كۈنىگە تۆت تۇخۇمنى پىشۇرۇپ يەيدۇ ، قىرىق كۈن بولغاندا ھايات قالسا ، قارشى تەرەپنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ . ئۆلۈپ قالسا ، ئۇنىڭ بارلىق مۈلكىنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئۆلۈم ـ يېتىمگە ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ ، دېگەن شەرتنى تۈزۈپ ، مەھكىمە شەرئىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ سىناق قىلىشقا باشلاپتۇ . 39 كۈن بولغاندا تۇخۇم يېگۈچىنىڭ ھالى تۆۋەنلەپ خەتەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ . ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلىغا «مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاشقازىنىمنى يېرىپ ئىچىدىن نېمە چىقسا ئېلىپ ساقلا ، قىساسىمنى ئېلىشنى ئۇنتۇما» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ 40 ـ كۈنىگە كەلگەندە ۋاپات بوپتۇ . شەرت بويىچە تېۋىپنىڭ ئوغلى بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى قارشى تەرەپكە بېرىپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ . قارىسا دادىسىنىڭ ئاشقازىنىدىن تۆت جىلىڭ مىقداردا ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك بىر نەرسە چىقىپتۇ . يىگىت ئۇنى ساندۇقتا سېلىپ قويۇپتۇ .

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت دادىسىنىڭ ئاشقازىنىدىن چىققان تاشنى زەرگەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . زەرگەر ئۇنى كۆرۈپ ، ناھايىتى قىممەتلىك قاشتېشى ئىكەن ، دەپتۇ ۋە يىگىتنىڭ تەلىپى بويىچە تۆت دانە قوشۇق ياساپ بېرىپتۇ .

بىردەمدىلا دادىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ . بالىنىڭ ئەس ـ يادى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئىكەن .

بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئانىسى پولۇ ئېتىپتۇ ۋە تۇرۇپنى قەلەمچە قىلىپ توغراپ ، ئۇنى يېيىشكە ھېلىقى قاشتېشى قوشۇقنى سېلىپ چىقىپتۇ . يىگىت تاماقتىن بىرنەچچە قوشۇق يەپ تۇرۇشىغا بىر كېسەل كېلىپ قاپتۇ . يىگىت قوشۇقنى تۇرۇپنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كېسەلنى كۆرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ . كېسەلنى كۆرۈپ بولۇپ ئۆيگە كىرسە تۇرۇپ ئۈستىدە قوشۇق يوق ، ئانىسىدىن ، ئايالىدىن ، بالىلى-

رىدىن سۇرۇشتە قىپتۇ . ھېچكىم كىرمى-
گەنلىكىنى ، قوشۇقنى ھېچكىم ئالمىغانلى-
قىنى ئېيتىشىپتۇ . ئىزدىسە شىرەنىڭ پۇ-
تىدا قوشۇقنىڭ دەستىسى تۇرغۇدەك . يې-
گىت دەرھال تۇرۇپنى مالتىلىسا ئۇنىڭدا
تۇخۇمنىڭ ئېقىدەك بىر خىل سۇيۇقلۇق
تۇرارمىش . ئۇ يەنە بىر قوشۇقنى تۇرۇپ-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆكۈرۈپ بىردەمدىن
كېيىن قارىسا قوشۇق تۇخۇمنىڭ ئېقىدەك
سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ كېتىۋاتقۇدەك ، شۇ
چاغدا يىگىت «تۇخۇم يېگەندە تۇرۇپنى قو-
شۇپ يېسە ، تۇخۇمنىڭ ھەزىم بولۇشى ئا-
سان بولىدىكەندە !» دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەر-
ھال دادىسىنى يەڭگەن تېۋىپنىڭ قېشىغا
بېرىپتۇ . ئۇ تېۋىپقا :
— دادام ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆل-
گەن ، بىراق ئۆلۈمى سىز بىلەن شەرتلەش-
كەن كۈنگە توغرا كېلىپ قالغان ، شۇڭا
مەن سىز بىلەن بەسلەشكىلى كەلدىم ، —
دەپتۇ تېۋىپ .
— دادىڭىز بىلەن تۈزگەن شەرتلەر
ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە بولسۇن ، ئەگەر ھا-
يات قالسىڭىز دادىڭىزنىڭ مال - مۈلۈكلى-
رىنى قايتۇرۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بار-
لىق مال - مۈلكۈم سىزنىڭ بولسۇن ، —
دەپتۇ .
ھەر ئىككى تەرەپ مەھكىمە شەرئىيد-
گە بېرىپ شەرتلىشىپ مۆھۈر بېسىلغان
خەتنى شەھەر قازىسىغا بېرىپتۇ . شۇنىڭ-
دىن باشلاپ يىگىت ھەر كۈنى تۆت تۇخۇم-
نى ئوتتا پىشۇرۇپ جامائەت ئالدىدا يەپتۇ .
ئۆيگە كىرگەندە بولسا قەلەمچە قىلىنغان
تۇرۇپتىن بىر چىنە يەپتۇ .
نەتىجىدە قىرىق كۈن بولغاندىمۇ ساق -
سالامەت تۇرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ يىگىت
ئۇتتۇۋاپتۇ ۋە دادىسىنىڭ بارلىق بىساتىغا
ئىگە بولغانىنىڭ سىرتىدا بۇ تېۋىپنىڭ بىسا-
تىغىمۇ ئىگە بوپتۇ .

**ئېيتىپ بەرگۈچى : سەمەت قاسىم**

**توپلىغۇچى : مۇھەممەد قۇربان**

**(يەكەن بازار 8 - ئامالە 6 - مەھەللە )**

**مۇھەررىرى : خۇرسەنئاي مەتىمىن**

---

(بېشى 22 - بەتتە ) غان بوپتۇ . مەلىكە
بولسا ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرىدىكەن . ئۇ
ھەر قېتىم ئاق قۇلارنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكىنى-
نى كۆرسە ، ئورمانلىققا يوگۇرۇپ بېرىپ
ئاكىلىرى بىلەن بىللە بولىدىكەن .
ئاخىر بوۋاي ئېيتقان كۈن يېتىپ
كەپتۇ . بۇ چاغدا بەش دانە كۆڭلەك پۇ-
تۇپ ، ئالتىنچى كۆڭلەكنىڭ بىر يېڭى پۈت-
مىگەنىكەن . شۇنداقتىمۇ مەلىكە ئاق قۇلار
ئۇچۇپ ئۆتكەن ۋاقىتتا يەر ئاستى ئۆيدىن
يۈگۈرۈپ چىقىپ كۆڭلەكلەرنى ئاق قۇلار-
غا قارىتىپ ئېتىپتۇ . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇ-
چە ئاق قۇلارنىڭ ھەممىسى شاھزادىگە ئۆز-
گىرىپتۇ . ئەمما ئاخىرقى بىر كۆڭلەكنىڭ
بىر يېڭى پۈتمىگەچكە كەنجى ئاكىسىنىڭ
بىر قولى ئۆزگىرەلمەپتۇ .
مەلىكە ئاكىلىرى بىلەن ئوردىغا كىر-
گەندە خانىشنىڭ قورققىنىدىن ئاغزى گەپ-
كە كەلمەپتۇ . ئۇ شۇئان بىر قاغىغا ئۆز-
گىرىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ-
دىن بۇيان ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قارىسىنى
كۆرمەپتۇ . پادىشاھ ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ
ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە قىزىنىڭ باتۇر-
لۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى مەلىكىنىڭ ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇش
يولىدا ناھايىتى جاپا تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ-
نى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ .

**ساتتارجان غوپۇر تەرجىمىسى**

**(شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئېلېكتر تېخنىكا فاكۇلتېتى ئېلېكترون 2 - 98 - سىنىپ )**

**مۇھەررىرى : خۇرسەنئاي مەتىمىن**

# كىرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىدىكى شامانىزىم ئىزناسى

تۇرسۇنجان مۇھەممەد

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ مەدەنىيەت پايتەختى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. كېرىيە خەلقى ئەمگەكچان خەلق بولۇپ، بۇ دىيار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى.

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە نەپىس بولۇپ، ئاستىنقى دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر، ئۈستۈنكى دىئامېتىرى ئۈچ - تۆت سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ. تەلپەكنىڭ قاسقىنى قارا يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ. ئاستىنقى گىرۋىكىگە بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇڭ يىپتىن تەكشى قىلىپ كىرپىك تۇتۇلىدۇ. تەلپەكنىڭ ئىچىگە ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. تەلپەكنىڭ تۆپىلىكى ئۇنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئادەتتە خۇاڭدەن تاۋار ياكى زەر باسقان رەختتىن تىكىلىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى بۇ كىچىك تەلپەكنى 80 - يىللاردىن بۇرۇن ئومۇمىيۈزلۈك كىيىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، ئاساسەن ياشانغان مومايلار كىيىدىغان بولۇپ قالدى.

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىنىڭ شەكلى نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن قۇياشنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. شامان ئېتىقادىدا قۇياشنى ئىنسانلارنى ياراتقۇچى تەڭرى، دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 - 6000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە قۇياشنى تەڭرى قىلغان شامان دىنىغا ۋارىسلىق قىلغان. بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى (نۇر چاقناپ تۇرغان) قۇياش شەكىللىك قەدىمكى قەبرىلەر ھەمدە چەرچەننىڭ تۇزلۇقتاش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قۇياش سىمۋوللۇق مەشئەللەر يەنىلا قۇياشقا بولغان ئېتىقادنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان بىر قاتار قۇياشقا چوقۇنۇش تەسۋىرىدىكى قىيا رەسىملىرى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قۇياشقا چوقۇنۇشنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەتلەر چوغاي تاغلىرىدىكى دىڭتو ناھىيىسى گىشاۋباۋ قىيالىرىغا، پەرغانە ۋادىسىدىكى سەيمالتاش قىيالىرىغا، ئالمۇتانىڭ غەربىدىكى تامغالىقتىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى كورتونىڭ شىمالىدىكى تەمبالتاس غارىغا سەككىز جايغا قۇياش سىما قىلىنغان يۇمىلاق تامغا سىزىق سىزىلغان. كۆنچى دەريا ياقىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە يانتۇ قىلىپ چەمبەر شەكلىدە ئورنىتىلغان قوزۇقلار خۇد-

دى نۇر چېچىۋاتقان قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان .

دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغىنى ، كېرىيە خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلى خوتەن ۋە باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ، تىلى بىلەن ئوخشاشمايدۇ . قەدىمكى كېرىيە خەلقىنىڭ ئاقسۇ ۋە قەشقەر خەلقى بىلەن قانداشلىقى ، بولۇپمۇ چەرچەن ، چاقىلىق خەلقى بىلەن ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل جەھەتتە يېقىنلىقىنى ھەمدە كىچىك تەلپەكنى مۇشۇ رايونلارنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە كىيىپ يۈرگەنلىكى بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ — «تەڭرى» بولۇپ ، قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدە بۇ تەڭرىنىڭ «قاراخان» دېگەن خاس ئىسمىمۇ بولغان . بۇ خۇددى يۇنان مىفلىرىدىكى قۇياش خۇداسى — ئاپوللوغا ، ئىران مىفلىرىدىكى قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مېتىراغا ئوخشاش ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچى بۈيۈك تەڭرىدۇر . پالنامىدە : «تاپتىمىڭ ، بارچە ئەل خەلقلەر ئىززەتلەشكە ئىلگىرى كەلدى ھۇزۇرۇڭغا ، ئۈستۈڭدە ئىلاھىي بەخت - سائادەت ئۇتتۇشقا — يېڭىشكە ئۆزلۈكىدىن قارار تاپتى ، زامانىڭدا ؛ كۈن تەڭرى نۇرى ئېچىلدى ، يورۇدى ، قوڭۇر يەر يۈزى ياشاردى ، گۈزەللەشتى» .

قىرغىزلاردا قارا رەڭ «يەر سۇف» ئىلاھى (تۇپراق ئىلاھى)نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان . بۇ ھال قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى قالپىقى (قىرغىز قالپىقى)نىڭ تەسۋىرىي سەنئىتىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان . يەنى ، ئاق ئۆيي شەكلىنى ئىپادىلىگەن «قىرغىز قالپىقى»نىڭ سىرتى ئاق بولۇشى ۋە دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە سىمۋول قىلىنغان تۆت تالاسىغا قارىدىن جىيەك تۇتۇلغانلىقى تەبىئىي ھالدا ھايات - ئۆلۈم قارىشىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى سۈرەتلەيدۇ . بىز كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىنى ، قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ شامان ئېتىقادى بويىچە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق ، ئۈستۈنكى قىسمىنى شامان دىنىدىكى كۆك تەڭرىنىڭ يەنى ئالەمنى ياراتقۇچى ئىلاھقا ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئاياللارنى ۋە بالىلارنى قوغدىغۇچى تەڭرىسى «ئۇماي» ئىلاھقا ، ئاستىنقى قىسمىنى يەر تەڭرى «يەرسۇف»كە سىمۋول قىلىشقا بولىدۇ ، بۇنىڭدىن كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىگە شامان ئېتىقادىدىكى ئۈچ چوڭ تەڭرى چۈشەنچىسى سىڭدۈرۈلگەن ئاساستا ئۇنى ئۇلۇغلاپ ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كىيىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن .

قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىدە ياشىغان ساك قەبىلىسىنىڭ رەڭگىرويى تارىخىي مەنبەلەردە قاڭشارلىق ، ئورىكۆز ، قوڭۇر چاچ ، بېشىغا ئۇچلۇق تەلپەك ، پۇتىغا ئۆتۈك ، ئۈستىگە ياقىلىق پەشمەت كىيەتتى ، دەپ خاتىرىلەنگەن . غەربىي يۇرتتا ياشىغان توخرى ، ساك قەبىلىلىرى ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ ، ئۇلار بېشىغا ئۇچلۇق تەلپەك كىيىپ ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى ياراتقان . كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى ئەينى دەۋردىكى ساك قەبىلىسىنىڭ ئۇچلۇق تەلپىكىنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن ، دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن .

بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى زامانغا تەئەللۇق قەدىمكى نىيە شەھىرى خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئاقسۆڭەك ئەر - ئايالنىڭ ئۇچىسىغا يۇڭ ، يىپەك ، پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر

كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەر جەسەتنىڭ بېشىغا سېرىق شايىدىن يېلىك بۆك، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇمىلاق ئۈستى تۈز، تېشى سەرناق، ئەستىرى كاناپ رەختتىن تىكىلگەن تەلپەك كىيدۈرۈلگەن. ئايال جەسەتنىڭ ئۇزۇن شايى كۆڭلەك ئۈستىگە گۈللۈك دارايىدىن ئۇزۇن يەڭلىك پاختىلىق پەشمەت، پۇشقاقلىرىغا قۇش، سۇمۇرغ، ئەجدىھا، بۇغا، يولۋاس، يىلپىز قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشى كەشتىلەنگەن. دارايىدىن تىكىلگەن ئىشتان، ئىشتان ئۈستىگە رومبا نۇسخىلىق گۈللۈك سېرىق دارايىدىن تىكىلگەن يوپكا، بېشىغا ئاق شايىدىن تىكىلگەن ئۈستى تۈز، گىرۋەكلىرىگە قىزىل شايىدىن جىيەك، ئالدىغا رومبا نۇسخىلىق كىمخابتىن گۈل چىقىرىلغان بۆك، پۇتىغا كىمخابتىن پايپاق كىيدۈرۈلگەن. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا كىيىم - كېچەك ئادەتلىرىدىن قەدىمكى ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادىنىڭ پۇرىقىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكىنى، بولۇپمۇ كىچىك تەلپەكنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەلپەكلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. هازىرقى تارىخىي مەنبەلەردە بۇ كىچىك تەلپەكنىڭ قايسى ۋاقىتتا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇمات يوق. لېكىن كىچىك تەلپەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنى يۇقىرىقى پاكىت ئارقىلىق دەلىللەش بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قەدىمكى كېرىيە (ئۇزۇنتاق) خانلىقىنىڭ خانلىرىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاج بىز نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان پاكىت. كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكىنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇشۇ خانلارنىڭ ئالتۇن تاجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى خانلار ئالتۇندىن تاج ياساپ بېشىغا تاقاپ يۇرت سوراپ كەلگەن. كېيىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئالتۇن زاپىسى تۈگىگەندىن كېيىن، قىممەت باھالىق رەختلەردە تىكىپ كىيىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن هازىرقى كىچىك تەلپەكنىڭ شەكلىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «سۇڭ يۇننىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇدۇن دۆلىتىدە خان بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگەن، بېشىنىڭ كەينىگە كەڭلىكى بەش سۇڭ قىلىپ بېزەلگەن، ئىككى گەز كەلگۈدەك شايى ساڭگىلىتىۋالىدىكەن». بۇ پاكىت يۇقىرىقى قىياسىمىزنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. بىزنىڭ هەرقايسى رايونلىرىمىزدىن قەدىمكى خانلارنىڭ ئالتۇن تاجى تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان.

كېرىيە ئاياللىرى نەپىس، ئۆزگىچە تىكىلگەن كىچىك تەلپەكنى چېچىنى يۇيۇپ، تاراپ، ئىككىگە ئۆرۈپ، ئاق ياغلىق ئارتىپ كىيىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى ئادەتتىكى كۈنلەردە كىيمەيدۇ. بەلكى ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، هېيت - بايرام، توي - تۆكۈن قاتارلىق ئۆرۈپ - ئادەتلەردە كىيىدۇ. يېشى توشمىغان قىزلار كىيمەيدۇ. ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئاياللار ۋە قېرىلار كىيىدۇ. شامان ئېتىقادىدا يېشىغا يەتمىگەن قىزلار چېچىنى 40 تال ئۆرۈپ يۇرۇش، توي قىلغان ئاياللار چېچىنى ئىككى ئۆرۈپ يۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ يەردە كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرىدە شامان ئېتىقادىنىڭ پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سانپۇل قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە

قىلىنغان بەزى مېيىتلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ-
لىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ،
ئۆرۈمە چاچلار ئىچىدە جۈپ ئۆرۈمە، كۆپ
ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە يا-
سالما ئۆرۈمە چاچلارمۇ، كۆپ ئۆرۈمە
چاچلارنىڭ بىر يۈرۈش تۆت تال، ئەڭ
كۆپلىرى 16 تال قىلىپ ئۆرۈلگەنلىرىمۇ
بار. مېيىتلارنىڭ بېشىغا يۇڭ توقۇلمىلار-
دىن، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل ئۇچ-
لۇق قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن. قەدىمكى
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچلىرىنى ھەر خىل
ئۆرۈپ يۈرۈشلىرى، ھازىرقى ئۇيغۇر ئايال-
لىرىنىڭ چاچلىرىنى جۈپ ئۆرۈش، كۆپ
ئۆرۈش مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەل-
گەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا ئاق رەڭنى
ئۇلۇغلاپ كەلگەن. ئاق رەڭ گۈزەللىك
ئادىتى بويىچە ئاق، ساپ ۋە قۇتنىڭ، ياخ-
شىلىق ۋە بەختنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى
سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئاق رەڭ چۈشەن-
چى قۇياشقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتى-
دائىي شامانىزم ئېتىقادىدىن كېلىپ چىق-
قان. كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئاق ياغلىق ئار-
تىپ كىچىك تەلپەكنى كىيىشى شامان ئې-
تىقادىدىكى كۆك تەڭرىسى يەنى قۇياش ئى-
لاھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زەر دۇش-
تىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل مۇراسىم-
لىرىدا كائىناتنىڭ تۆت زاتى — قۇياش
(ئوت)، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋانى دۇنيانىڭ
نېگىزى، ئەڭ مۇقەددەس نەرسە، دەپ ئۇ-
لۇغلىغان. ئۇلار ئوت قۇياشنىڭ يەردىكى
شەكلى (زەرچىسى) دەپ ھېسابلاپ، ئۇ-
نىڭغا ئالاھىدە قىزىقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن
سەجدە قىلغان.

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپە-
كى، كېرىيە ئاياللىرىنىڭ زىننەت بۇيۇم-
لىرى سۈپىتىدە كىيىپ كەلگەن بولۇپ،
بۇ كېرىيە خەلقىنىڭ خەلق قوشاقلىرىدا
ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك
كىيگىن ساڭا يارىشار،
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گۈيلار تالىشار.

ئەمگەكچان كېرىيە ئاياللىرى كىچىك
تەلپەكنى كىيىپ سىرتقا چىققاندا بولاردا
باشقا رايونلاردىكى ئاياللارنىڭ پىسخىكى-
سىغا قارىغاندا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزى-
دىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بو-
لۇپ، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ يۈرىدۇ. مۇ-
شۇنداق ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىنىڭ ھازىر-
غىچە داۋاملىشىپ كېلىشى يەنىلا كېرىيە
ئاياللىرىنىڭ ئېسىل ـ ئەخلاق پەزىلىتى،
چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈشى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك. كېرىيە ناھىيىسى قەدىمكى ئۇ-
دۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە يۈكسەك تە-
رەققىي قىلغان مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن
بىرى. بۇ ماۋ زېدۇڭ 1950 ـ يىلى لىۇ
يازى ئەپەندىگە يازغان مۇشائىرەسىدە: بار-
چە مىللەت چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ
نەغمىدە دېگەن، خەنزۇچە نامىنى پۈتۈن
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نامىدا
ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى، كېرىيە ناھىيىسى پۈتۈن شىنجاڭ
رايونىدىكى بىر ئالتۇن ماكان، قەدىمكى
يىپەك يولىنىڭ بۆشۈكى، مەدەنىيەت بى-
لەن تويۇنغان بىباھا زېمىن، ئەمگەكچان
خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئاياللىرى-
نىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، بولۇپمۇ
ئۇلارنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۈمۈ-
شىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپە-
كىنى كېرىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا خو-

تەن ۋادىسىدىن باشلاپ لوپنۇر ئەتراپىغىچە كېڭگەن بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا چىرا، نىيە، چەرچەن، كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ قالغان. كېرىيە ئاياللىرى بۇ كىچىك تەلپەكنى ئۆزىنىڭ زىننەت ئادىتى قىلىپ، ئۇنى كىيىپ يۈرگەن. بۇ كىچىك تەلپەك ئۆز ۋاقتىدا كېرىيە ئاياللىرىنىڭ مەنسەپ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈنكى بۇ تەلپەككە مۇجەسسەملەنگەن يۈكسەك شامان ئېتىقادى ئۇلارنى بىر خىل بەخت - سائادەتكە باشلايدىغان ئەڭگۈشتەردەك ئىنتايىن يۇقىرى ئىپتىخارغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئەمما ھازىر بۇ تەلپەك بىزنىڭ مەدەنىيەت سەھنىمىزدىن يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر رايوننىڭ ئورپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، كىيىنىش سەنئىتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرى يوقالسا، ئۇنىڭ باشقا مىللەت ۋە رايون مەدەنىيىتىدىن پەرقى قالمايدۇ.

ئومۇمەن ئەمگەكچان كېرىيە ئاياللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ياراتقان، شەكىللەندۈرگەن، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان خەلقتۇر. شۇنداق ئىكەن، كېرىيە ئاياللىرى نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى زىننىتى سۈپىتىدە قەدىرلەشنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 89 - يىل ئاۋغۇست 1 - نەشرى، 449 - بەت.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 98 - يىل ئاۋغۇست 2 - نەشرى، 18 - بەت.

ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 95 - يىل سېنتەبىر 1 - نەشرى، 127 - بەت.

ئابدۇكېرىم راخمان: «ماناس ئېپوسىدا رەڭ ۋە سان چۈشەنچىسى»، «مەراس» ژۇرنىلى، 95 - يىللىق 1 - سان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سەكىتاي - ساك — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 92 - يىللىق 3 - سان.

توختىنىياز تۇرسۇن: «قەدىمكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گېزىتى 99 - يىل 3 - نويابىر سانى گېزىت.

لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 95 - يىل ئاۋغۇست 1 - نەشرى، 36 - بەت.

ئابدۇقەييۇم خوجا: «ئۇدۇن بۇددا مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 99 - يىللىق 4 - سان.

ئابدۇكېرىم راخمان: «نورۇز بايرىمىنىڭ مىللىي ۋە دۇنياۋى خاراكتېرى» ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 98 - يىللىق توپلام.

«كېرىيە خەلق قوشاقلىرى» 93 - يىل دېكابىر 1 - نەشرى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# يېڭى چۆچەكلەر

## ئىككى يولۋاس

ئىككى يولۋاسنىڭ بىرى قەپەستە تۇرىدىكەن ، بىرى دالىدا يۈرىدىكەن .

قەپەستىكى يولۋاسنىڭ ئۈچ ۋاقلىق يېمىكىدىن غېمى يوقكەن . دالىدىكى يولۋاس ئەركىن - ئازادە ئىكەن . قەپەستىكى يولۋاس سىرتتىكى يولۋاسنىڭ ئەركىنلىكىگە ھەۋەس قىلىدىكەن ؛ سىرتتىكى يولۋاس قەپەستىكى يولۋاسنىڭ راھەت - پاراغىتىگە بەكمۇ ئىنتىلىدىكەن . بىر كۈنى ئۇلار ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا كېلىشىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قەپەستىكى يولۋاس تەبىئەت قوينىغا ، دالىدىكى يولۋاس قەپەسكە كىرىپتۇ . قەپەستىن چىققان يولۋاس خۇشال بولۇپ ، دالىدا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ ؛ قەپەسكە كىرگەن يولۋاسمۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ .

ئەمما ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىلا يولۋاس ئۆلۈپ قاپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى ئاچلىقتىن ، يەنە بىرى پەرىشانلىقتىن ئۆلۈپ قالغانىكەن . قەپەستىن چىققان يولۋاس ئەركىنلىككە ئېرىشكىنى بىلەن ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگەنمىگەنىكەن ؛ قەپەسكە كىرگەن يولۋاس راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكىنى بىلەن چەكلىك ماكاندا ياشايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرمىگەنىكەن .

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەختىنى كۆرۈپ يېتەلمەي ، باشقىلارنىڭ بەختىگە ھەۋەس قىلىدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ بەختىنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ ، ئۆزگىلەرنىڭ بەختىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قەبرە بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ .

## ئاجىزنىڭ كۈتۈشى

ئىككى دوست بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ قۇملۇقتىن ئۆتۈۋېتىپ سۇيى تۈگەپ قاپتۇ . بىرى ، ئىسسىق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالغانلىقتىن ماڭالماي قاپتۇ .

ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن يەنە بىرى ھەمراھىغا :

— سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن بېرىپ سۇ تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ.

ئۇ تاپانچىسىنى ھەمراھىغا تۇتقۇزۇپ:

— تاپانچىدا بەش پاي ئوق بار، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۈچ سائەتتىن كېيىن ھەربىر سائەتتە بىر قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقىن، مەن ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توغرا يۆنىلىشنى تېپىۋالىمەن، ئاندىن سەن بىلەن ئۇچرىشىمەن، — دەپتۇ.

ئىككىسى خوشلىشىپ، بىرى ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئىچىدىغان سۇ ئىزدەپ كېتىپتۇ، يەنە بىرى قاتتىق گۇمان ئىچىدە قۇملۇقتا ياتقىنىچە كۈتۈپتۇ. ئۇ سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقتى - قەرەللىك بويىچە ئوق چىقىرىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئوق ئاۋازىنى ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنچ قىلالماپتۇ. ئاندىن تېخىمۇ قورقۇپ ھېلىقى ھەمراھىنى سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇزاققا قالمايلا يەنە ھەمراھىنىڭ سۇ تاپقانلىقىغا، ئەمما ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىگە، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

بەشىنچى پاي ئوقنى ئېتىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ كىشى قايغۇ - نەپرەت بىلەن مۇنداق ئويلاپتۇ: بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئوق، ئۇ مەن ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاللىقاچانلا ئاڭلىيالماس بولۇپ قالدى، بۇ ئوقنى ئېتىۋەتسەم، مېنىڭ يەنە نېمە يۆلەنچىم قالىدۇ؟ ماڭا ئۆلۈمنى ساقلاشتىن باشقا يول يوق. يەنە كېلىپ ئاخىرقى نەپىسىم قالغاندا تازقارالار كۆزلىرىمنى چوقۇۋالىدۇ، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق - ھە؟! ئۇنىڭدىن كۆرە....

ئۇ تاپانچىنى پېشانىسىگە بەتلەپ، تەپكىسىنى بېسىۋېتىپتۇ.

ئەمما، ئۇزۇنغا قالماي، لىپپىدە سۇزۇك سۇ قاچىلانغان سۇدانىنى كۆتۈرۈۋالغان ھەمراھى بىر تۆگە كارۋىنىنى باشلىغىنىچە ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كەپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپقىنى بىر جەسەت بوپتۇ.

## مەرۋايىت

بۇرۇنقى زاماندا سەدەپ قۇلۇلىسى باقىدىغان بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ گۈزەل مەرۋايىتنى يېتىشتۈرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىز بويىغا بېرىپ قۇم دانىچىلىرىنى تاللاپتۇ ھەمدە ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ مەرۋايىتقا ئايلىنىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قۇم دانىچىلىرى باشلىرىنى چايقىشىپ خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. سەدەپ قۇلۇلىسى باقىدىغان كىشى ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە سوراپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا بىر تال قۇم دانىچىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

ئەتراپتىكى قۇم دانىچىلىرى ئۇنى تازا ئەخمەقكەن، سەدەپ قۇلۇلىسىگە ماكانلىشىپ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىدىن ئايرىلىدىغان؛ قۇياش نۇرى، يامغۇر - يېشىن، تولۇن ئاي، سۇزۇك شامالنى كۆرەلمەيدىغان، ھەتتا ھاۋادىن قىسىلىپ قاراڭغۇلۇقتا، زەيكەشلىكتە، سوغۇقتا، يالغۇزچىلىقتا ئۆتىدىغان بولدى، دەپ مەسخىرە قىپتۇ.

بىراق، ھېلىقى قۇم دانىچىسى پۇشايمان قىلماي سەدەپ قۇلۇلىسى باقىدىغان كىشى بىلەن بىللە كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپتۇ، ھېلىقى قۇم دانىچىسى ئىچ - ئىچىدىن چاقناپ تۇرىدىغان بىباھا مەرۋايىتقا ئايلىنىپتۇ، ئەمما ئۇنى ئەخمەق دەپ مەسخىرە قىلغان ھەمراھلىرى يەنىلا بىر دۆۋە قۇم پېتىچە قېلىۋېرىپتۇ، بەزىلىرى يىمىرىلىپ توپىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەگەر دۇنيادا «تاشنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش تېخنىكىسى» بار دېيىلسە، ئۇ «جاپا - مۇشەققەت»تۇر. مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى!

## ئېگىز يەر

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى يىراق جايدا بىر قەبىلە باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ.

ئۇ يېزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈچ يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ سىلەردىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، مەن سىلەردىن ئاخىرقى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. ئۈچىڭلار ساغلام، كۈچلۈك، ئەقىل - پاراسەتلىك ياخشى بالىلار. ئەمدى سىلەر بىز ئەزەلدىن مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ تاغقا يامىشىڭلار، ئىمكانقەدەر ئەڭ ئېگىز، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەڭلار، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ماڭا كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

ئۈچ كۈندىن كېيىن 1 - يىگىت قايتىپ كەپتۇ، ئۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان، ئۇستىۋاشلىرى يېپيېڭى ھالەتتە مۇنداق دەپتۇ:

— قەبىلە باشلىقى، مەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، ئۇ يەردە گۈلگە پۈركەنگەن يوللارنى، بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنى، خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان قۇشلارنى كۆردۈم، ئۇ يەر ھەقىقەتەن بولىدىكەن!

قەبىلە باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ:

— بالام، ئۇ يولدا بىر چاغلاردا مەنمۇ ماڭغان، قۇشلار سايرىشىپ، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ئۇ يەر تاغنىڭ چوققىسى ئەمەس، بەلكى تاغنىڭ ئېتىكى. سەن قايتىپ كەتكىن! — دەپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىككىنچى يىگىتمۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ھارغىن ۋە سول-

غۇن قىياپەتتە مۇنداق دەپتۇ :

ــ قەبىلە باشلىقى ، مەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم ، ئۇ يەردە سۇرلۇك جىمجىتلىقتا چۆمگەن چوڭ قارىغايزارلىقنى ، ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن تازقارالارنى كۆردۈم ، ئۇ يەر ياخشى جايكەن !

ــ بالام ، ئۇ تاغنىڭ چوققىسى ئەمەس ، بەلكى تاغنىڭ قاپتىلى . سېنى قىينىماي ، بولدى ، سەنمۇ قايتىپ كەتكىن ، ــ دەپتۇ قەبىلە باشلىقى .

بىر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، كۆپچىلىك ئۈچىنچى يىگىتنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ . ئەمما ئۇ پۇتىنى بىرقەدەمدە بىر سۆرەپ ، ئۇستىۋېشى جۇلجۇل ھالەتتە قايتىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ چىرايى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قاپتۇ . ئۇ :

ــ قەبىلە باشلىقى ، مەن ئاخىر تاغ چوققىسىغا چىقتىم . ئەمما مەن نېمە دېسەم بولار ؟ ئۇ يەردە مۇشقىيتىپ تۇرغان شامال بىلەن كۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن ، ــ دەپتۇ .

ــ سەن ئۇ يەردە ھېچنېمىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ھەتتا بىرەر كېپىنەكمۇ يوقمىكەن ؟

ــ شۇنداق ، قەبىلە باشلىقى ، ئېگىزلىكتىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن . سىز ئۆزىڭىزنىلا كۆرەلەيدىكەنسىز .

ــ بالام ، سېنىڭ چىققىنىڭ ھەقىقىي تاغ چوققىسى . ئەنئەنىمىزگە ئاساسەن ، تەڭرىم سېنى قەبىلە باشلىقى قىلىپ تىكلەشنى ئىرادە قىپتۇ ، ساڭا بەخت تىلەيمەن !

ھەقىقىي قەھرىمان نېمىگە ئېرىشتى ؟ ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى جاراھەتلىنىش ، يەككە ـ يېگانە ھالدا ئۆزىنى سەپەرگە چىقىش ۋە ئەھۋال قانچە يامانلاشسا شۇنچە ئەرزىمەسلىك قىسمىتىگە مۇيەسسەر بولدى .

## ئايتوقاچ

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى شاڭخەيدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچى مۇھەببەتلىشىپتۇ . ئۇ چاغدا مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىش مۇتلەق چەكلىنىدىكەن . شۇڭا مەكتەپ دائىرىلىرى ئۇلارنى بۇ ئىشتىن قايتا ـ قايتا توسۇپ ، ئاگاھلاندۇرۇپتۇ ، ئەمما بۇ ئىككى ياش باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماي يۈرۈپتۇ . مەكتەپ دائىرىلىرى ئاخىرقى كوزۇرنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ، ئوغۇلنى يىراق غەربىي شىمالغا «سۈرگۈن» قىپتۇ ، قىزنى «كەڭچىلىك» قىلىپ شاڭخەيدە ئېلىپ قاپتۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپتۇ . قىز شاڭخەيدە يالغۇز قېلىشقا ئۇنىماي ، ئوغۇل بىلەن ئاشۇ چۆل ـ جەزىرىگە بىللە بېرىش نىيىتىدە چىڭ تۇرىۋاپتۇ .

ئىككىيلەن كىگىز ئۆيگە ئورۇنلىشىپ ، جاپالىق كۈنلىرىنى بىر ـ بىرىگە

مەدەت بىرىش ئارقىلىق كۆڭۈللۈك ئۆتكۈ-
زۈپتۇ . ئەمما ، ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت
يۈز بىرىپ ئاچارچىلىق دەۋرى يېتىپ كەپتۇ .
تاۋۇز چاغىنىدا گۈڭشېدىن ھەربىر
ئائىلىگە بىر دانە ئايتوقاچ تەقسىم قىلى-
نىپتۇ . ئەر ئىشتىن بالدۇر قايتقاچقا ئايتو-
قاچنى ئېلىپ خوتۇنىنى ساقلاپتۇ .
كەچ كىرگەن بولسىمۇ خوتۇنى يەنىلا
قايتىپ كەلمەپتۇ . ئەر نەپسىنى يىغالماي
ئايتوقاچنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپتۇ -
دە ، يېرىمىنى يەۋېتىپتۇ . ئۇ يېمىسىغۇ
بولغان ، يەپ قويۇپ نەپسىنى تېخىمۇ يە-
غالماي قاپتۇ ھەمدە : ئۇ بولغان بولسا
جەزمەن ئۆزىگە تېگىشلىك ئايتوقاچنىڭ
يېرىمىنى ماڭا بېرەتتى ، دەپ ئويلاپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن يېرىم ئايتوقاچنى ئىككىگە
بۆلۈپ ، ئۇنىڭ يېرىمىنىمۇ خوتۇنۇم جەز-
مەن ماڭا بېرىدۇ دەپ يەۋېتىپتۇ . ئايال
تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ . ئەر ئېشىپ قال-
غان چارەك ئايتوقاچقا قاراپ ئولتۇرۇپ
نەپسىنى زادىلا يىغىۋالالماپتۇ ، ھەتتا ئۆزى-
نىڭ قاندقلارچە ئېلىس چاڭگىلىنى ئۆزى-
تىپ ، ئۇنى يەۋەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتۇ .
شۇ چاغدا خوتۇنى قايتىپ كەپتۇ . ئۇ
گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا :
— بىردىن ئايتوقاچ بېرىپتۇ -
ھە ! — دەپتۇ .
ئەر ھاڭۋاقتىنچە گەپ قىلالماي قاپ-
تۇ ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ :
— مېنىڭ··· قورسىقىم بەك ئېچىپ
كېتىپ ، يەۋەتتىم ، — دەپ دۇدۇقلاپتۇ .
ئايال بىرھازا جىمىپ كېتىپ ، ئۇش-
تۇمتۇتلا غەزەپلىنىپ ۋارقىراپتۇ :
— سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭنى ئوي-
لىماپتىكەنمەن ، مەن بارلىقىمنى قۇربان
قىلىپ سەن بىلەن غەرىبىي شىمالغا كې-
لەي ، سەنچۇ ؟ ماڭا يېرىم ئايتوقاچنىمۇ
ئەپقويالماپسەن . سېنى بىلىپ قويدۇم !
ئايال شۇ تەرىقىدە نەرسە - كېرەكلى-
رىنى يىغىشتۇرۇپ شاڭخەيگە كېتىپتۇ .
دىمەك ، مەكتەپ تۈزۈمى ، ئاگاھلاندۇرۇش ، «سۈرگۈن قىلىش»لارمۇ ئايرى-
ۋېتەلمىگەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى
بىر دانە ئايتوقاچ ئاسانلا ئايرىۋېتىپتۇ .

## *دەز كەتكەن كومزەك*

ھىندىستانلىق بىر سۇچىنىڭ ئىككى
كومزىكى باركەن ، ئۇنىڭ بىرى دەز كەت-
كەن ، يەنە بىرى ساق كومزەككەن . سۇچى
ھەمىشە يىراقتىكى ئېرىقتىن ئىككى كوم-
زەككە سۇ ئېلىپ خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە تو-
شۇپ كېلىدىكەن ، ئەمما ھېلىقى دەز كەت-
كەن كومزەكتە مەنزىلگە يېتىپ كەلگۈچە
يېرىم كومزەكلا سۇ قالىدىكەن . شۇڭا ،
سۇچى ھەر قېتىم خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە قاي-
تىپ كەلگەندە بىر يېرىم كومزەكلا سۇ
ئېلىپ كېلەلەيدىكەن .
ھېلىقى ساق كومزەك ئۆزىنىڭ ساق-
لىقى ھەم گۈزەللىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنىدى-
كەن . دەز كەتكەن بىچارە كومزەك ئۆزى-

نىڭ تەبىئىي دېرىدىن ئىنتايىن خىجىل بولۇپ، ناھايىتى بىئارامچىلىقتا يۈرىدىكەن. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، ئۇ ئېرىق بويىدا سۇچىغا:

— مەن ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، شۇڭا سەندىن ئەپۇ سورىماقچى، — دەپتۇ.

سۇچى:

— سەن نېمىشقا خىجىل بولىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۆتكەن ئىككى يىلدا سەن خوجايىنىڭگە كېتىۋاتقىنىڭدا سۇ دەز كەتكەن يېرىمدىن سىرغىپ كېتىپ يېرىم كومزەكلا سۇ توشۇيالىدىم، سەن كۆپ جاپا تارتقان بولساڭمۇ، ئەجرىڭگە تۇشلۇق پايدىغا ئېرىشەلمىدىڭ.

سۇچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— خوجايىنىڭگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، مەن سېنىڭ چىغىر يول بويىدىكى ھەر خىل گۈللەرگە دىققەت قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلار تاغقا چىققاندا، ھېلىقى دەز كەتكەن كومزەك چىغىر يول بويىدىكى ئېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپتۇ، بۇ گۈزەل مەنزىرە ئۇنى ئازراق خۇشال قىپتۇ.

سۇچى مۇنداق دەپتۇ:

— سەن بايامقى چىرايلىق گۈللەرنىڭ يەنە بىر كومزەك تەرەپتە ئەمەس، بەلكى سەن تەرەپتىلا ئۆسكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن سېنىڭ دېرىڭنى ئاللىقاچانلا بايقىدىم ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندىم، سەن تەرەپكە گۈل ئۇرۇقى چېچىپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ئېرىق بويىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا سەن ئۇلارنى سۇغاردىڭ. ئىككى يىل داۋامىدا مەن بۇ گۈللەرنى ئۈزۈۋېلىپ خوجايىنىمنىڭ ئۈستەللىرىنى بېزىدىم. ئەگەر سەن بولمىساڭ، خوجايىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنى مۇنداق چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزىيەلمىگەن بولاتتى.

## مۆجىزىنىڭ ئىسمى — ئاتا

1948 - يىلى بىر ئاتا ئامېرىكىدىكى خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كىچىك قىزىنى ئېلىپ ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتىدىغان پاراخوتقا چىقىپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى بۇ كىشى پاراخوت بۆلۈمىدە ئالما ئاقلاۋاتقاندا پاراخوت قاتتىق لەپەڭشىپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، قولىدىكى پىچاق كۆكرىكىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، كالپۇكلىرى بىردەمدىلا كۆكىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق قىزى بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ، چىرقىرىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە قىزىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— ھېچقىسى يوق قىزىم، يىقىلىپ كەتتىم، — دەپتۇ. ئاندىن پىچاقنى ئاۋايلاپقىنا ئېلىپ، ئورنىدىن ئاستا - ئاستا تۇرۇپتۇ - دە، تۇيدۇرمايلا باشمالتىقى بىلەن پىچاقنىڭ ئۇچىدىكى قاننى ئېرتىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە بۇ كىشى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ھەر كەچلىكى قىزىغا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ چېچىنى چىرايلىق تاراپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭغا زەڭگەر دېڭىزنى كۆرسىتىپتۇ. ھەممە ئىش ئادەتتىكىدەك ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئەمما قىزچاق ئاتىسىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ، تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدىكى چوڭقۇر پەرىشانلىقنى تۇيماپتۇ.

مەنزىلگە يېتىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى بۇ كىشى قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئەتە ئانىڭىزنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ.

قىزى بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي:

— لېكىن سىز ئەتىلا ئانام بىلەن كۆرۈشىسىزغۇ، بۇنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز دېمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە، ئېڭىشىپ قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

پاراخوت نيۇ - يورك پورتىغا يېتىپ كەپتۇ، قىزى مىغ - مىغ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ئانىسىنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ - دە: «ئانا! ئانا!» دەپ توۋلاپتۇ.

شۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر تۇيۇقسىزلا چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ، قىزى كەينىگە قايرىلىپ ئاتىسىنىڭ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى، كۆكرىكىدىن قان ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ…

جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىش نەتىجىسى كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپتۇ: ھېلىقى پىچاق دەلمۇدەل ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىۋەتكەنىكەن، ئەمما ئۇ ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي ئۈچ كۈن ياشاپتۇ. بىردىنبىر مۇمكىنچىلىكى بار چۈشەندۈرۈش: يارا ئېغىزى بەك كىچىك بولغاچقا، كېسىۋېتىلگەن يۈرەك مۇسكۇلى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە چاپلىشىپ قېلىپ، قان بىلەن تەمىنلەشنى ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرغان، دېگەندىن ئىبارەت بوپتۇ.

بۇ مېدىتسىنا تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان مۆجىزە ئىكەن. مېدىتسىنا يىغىنىدا بەزىلەر ئۇنى ئاتلانتىك ئوكيان مۆجىزىسى دەپ ئاتاش كېرەك دېسە، بەزىلەر ئۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشنى تەكلىپ قىپتۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىلاھىي مۆجىزە دەپ ئاتاش كېرەك، دەپتۇ…

— بولدى، بەس! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرىنى قورۇق قاپلاپ كەتكەن چىرايىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرى يېغىپ تۇرغان بىر پېشقەدەم دوختۇر. ئاندىن ئۇ دانىمۇدانە قىلىپ:

— بۇ مۆجىزىنىڭ ئىسمى — ئاتا، — دەپتۇ.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# شىنجاڭدا ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالى

ئەسئەت سۇلايمان

شىنجاڭدا «فولكلور» (Folklore) دېگەن ئاتالغۇ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن ئۇيغۇر فولكلورىغا ئائىت تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغانىدى. 1950 ـ يىلى جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن شۆبە جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ھەمدە بۇ ساھەدە بىرمۇنچە خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر، مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنىپ، بىرقانچە تۈركۈم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق ساھەلەردە تەكشۈرۈش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما بۇ خىزمەتلەر شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مەزمۇن، دائىرە جەھەتلەردىن بىرمۇنچە چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىنىشى بىلەنلا بۇ خىزمەتلەر پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. تاكى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر بۇ ساھەدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەر قايتىدىن باشلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مۇشۇ قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر فولكلورى ساھەسىدە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، بىرمۇنچە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ 80 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن بايان قىلىش مۇمكىن:

**بىرىنچى، ئۇيغۇر فولكلورى ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە توپلاش، رەتلەش ۋە ئېلان قىلىش خىزمەتلىرى قانات يايدى**

1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش ۋە رەتلەش

خىزمەتلىرىنى جىددىي باشلىۋەتتى . ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن تارتىپ ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيىلەرگىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى «ئۈچ توپلام» ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى . «ئۈچ توپلام» ئادەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قوشاقلار توپلىمى ، چۆچەكلەر توپلىمى ۋە ماقال - تەمسىللەر توپلىمىنى كۆرسىتەتتى . 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 2000 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 50 كە يېقىن ناھىيىنىڭ ئۈچ توپلىمى توپلىنىپ ، رەتلىنىپ رەسمىي نەشر قىلىنىدى . مۇشۇ ئاساستا دۆلەتلىك ئۈچ توپلامنىڭ شىنجاڭ تومى تەييارلىنىپ نەشرگە تاپشۇرۇلدى .

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، شىنجاڭدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى بىلەن Folklore ئاتالغۇسى ئىزچىل ھالدا تار دائىرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەنلا چەكلىنىپ كەلدى . Folklore نىڭ كەڭ مەنىدىكى ئىستېمال دائىرىسى ، يەنى خەلق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن ئاۋام خەلق ياراتقان مەدەنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكى پەقەت 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا ئازدىن ئايدىڭلاشتى . شۇڭلاشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى فولكلور خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالدى . 1981 - يىلىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ جەمئىي 18 تومى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (جەمئىي تۆت توم) ، «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» ، «يېپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» ، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» «ھېسام چاقچاقلىرى» (ئۈچ قىسىم) ، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى . ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مىراس» ، «بۇلاق» قاتارلىق مەخسۇس ژۇرناللاردا ۋە «تارىم» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «يېڭى قاشتېشى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ، «تۇرپان» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ، «ئىلى دەرياسى» ، «مايبۇلاق» ، «بوستان» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئايرىم سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كەلدى .

مۇشۇ قىسقىغىنە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى . ئەمما ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ، جۈملىدىن خەلق مەدەنىيىتىدگە مەنسۇپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ، ئىجتىمائىي بىرلىكلەر ، بايرام - مۇراسىم ، ئېتىقاد ، تىبابەت ، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ، بالىلار ئويۇنلىرى قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق مەدەنىيىتى ساھەسى يەنىلا زور بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى . 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ، 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مۇشۇ ساھەدە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى .

**ئىككىنچى ، ئالىي مەكتەپلەردە «فولكلور» ۋە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى .**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبى-

يات فاكۇلتېتىدا 60 ـ يىللارنىڭ باشلى-
رىدىن باشلاپ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»
دەرسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەدەنى-
يەت ئىنقىلابىغىچە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى-
لار مۇشۇ دەرسنى ئاساسلىق كەسپىي
دەرس قاتارىدا ئوقۇغانىدى. 1966 ـ يىلى
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتلىغاندىن
كېيىن، تاكى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى-
غىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئاساسەن دەرسلەر
توختاپ قالدى. 1979 ـ يىلى ئالىي مەك-
تەپلەرگە بىرتۇتاش ئىمتىھان بېرىش ئەس-
لىگە كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى تۈركۈم-
دىكى ئوقۇغۇچىلار رەسمىي مۇنتىزىم ئو-
قۇش شارائىتىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فا-
كۇلتېتىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»
دەرسى بىلەن تەڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى» دەرسىمۇ قايتا تەسىس قىلى-
نىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. 1982 ـ يىلى
بۇ ساھەدە ئۇزۇن يىل ئوقۇتۇش ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللانغان ئابدۇكېرىم راھمان بى-
لەن مۇھەممەد زۇنۇنىڭ ھەمكارلىقىدا
«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە
ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتاب نەشر قى-
لىندى ۋە دەرسلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىل-
دى. ئارقىدىنلا ئابدۇكېرىم راھماننىڭ
«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» نام-
لىق ئىككى قىسىملىق دەرسلىك كىتابى
1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئو-
قۇتۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن رەسمىي
دەرسلىك سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. مەم-
لىكىتىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى مەشھۇر
ئالىمى جوڭ جىڭۋېن ئەپەندىنىڭ «خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە بايان» ناملىق
كىتابىمۇ 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچىغا تەر-
جىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بى-
لەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»
دەرسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ ئاساسلىق كەسپىي دەرسىگە
ئايلاندى، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ 4 ـ
يىللىقىغا چىققان ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپ بويىچە
شىنجاڭنىڭ يىراق ناھىيە ـ يېزىلىرىغا بې-
رىپ بىر ئاي ئەتراپىدا خەلق ئېغىز ئەدەبى-
ياتى ئەسەرلىرىنى يىغىپ، توپلاپ تۈردى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى باكالاۋرلىق
ئۇنۋانى ئۈچۈن ياقلىنىدىغان ئىلمىي ماقا-
لىسىنى مۇشۇ كەسپتىن يازدى. 80 ـ
يىللاردا «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»
دەرسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرى ئو-
چۇن ئىككى مەۋسۇم، جەمئىي 144 سائەت
ئۆتۈلىدىغان ئاساسلىق كەسپىي دەرس بول-
دى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ
«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دەرسى
يەنە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى،
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پې-
داگوگىكا ئىنستىتۇتى، خوتەن پېداگوگى-
كا ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەر-
نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا تەسىس قى-
لىندى.

1985 ـ يىلىدىن باشلاپ پروفېسسور
ئابدۇكېرىم راھمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تولۇق كۇرس ئو-
قۇغۇچىلىرىغا تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر فولك-
لورى»نى تاللانما دەرس سۈپىتىدە ئاچتى.
1987 ـ يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ما-
گىستىر ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەش نۇق-
تىسى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئابدۇكېرىم
راھماننىڭ يېتەكلىشى بىلەن «ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى»
كەسپى بويىچە تۇنجى ئاسپىرانت قوبۇل
قىلىندى. ھازىرغىچە مۇشۇ كەسپنىڭ
ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، ما-
گىستىر بولغانلار 11 نەپەرگە يەتتى. ئۇلار

ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا مۇشۇ كەسىپنىڭ غوللۇق تايانچلىرىغا ئايلاندى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى نەپىرى يېقىندا مۇشۇ كەسىپ بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلدى . 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق نۇقتىسى تەسىس قىلىندى . بۇنىڭ بىلەن «خەلق مەدەنىيىتى ۋە فولكلورى» كەسپى بويىچە رەسمىي دوكتور ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى . ھازىر ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى مۇشۇ كەسىپتە دوكتورلۇقتا ئوقۇماقتا .

ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇيغۇر فولكلورى»نى ئوقۇتۇش بىلەن ماسلاشتۇرۇپ «فولكلور مۇزېيى» قۇرۇش خىزمىتى جىددىي قانات يايدۇرۇلدى . 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى جايلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ، توپلاش ئارقىلىق 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە فولكلور مۇزېيى قۇرۇشنىڭ رەسمىي شەرت ـ شارائىتلىرى ھازىرلاندى . بۇنىڭ بىلەن 2000 ـ يىل 20 ـ ماي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى رەسمىي قۇرۇلدى ۋە ئېچىۋېتىلدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاساس قىلغان فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خېلى دەرىجىدە راۋاجلاندى .

ھازىر فولكلور مۇزېيىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا «ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇش پىلانى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە كونكرېت خىزمەتلەر جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ .

بولۇپمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىش ساھەسىدە مەلۇم تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى . نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلدى . چەت ئەللەردىكى فولكلور تەتقىقاتى نەتىجىلىرى ۋە ئەڭ يېڭى تەتقىقات ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلدى .

**ئۈچىنچى ، ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى تەتقىقاتلار كۈندىن كۈنگە چوڭقۇرلاشتى ، ياش بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار قوشۇنى شەكىللەندى ، بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى مەملىكەت ۋە خەلقئاراغا يۈزلەندى**

80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدىكى ماقالىلەر رەسمىي ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى . «مىراس» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (بۇ ژۇرنال بىرقانچە سان چىقىپلا نەشردىن توختىغان) قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ۋە بىر قىسىم گېزىتلەردە بۇ ساھەدىكى ماقالىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى . لېكىن بۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تار ، تەتقىقات ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ ، تونۇشتۇرۇش ، ھادىسىلەرنى بايان قىلىش سەۋىيىسىدىن خالىي بولالمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى پەقەت خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەنلا چەكلەندى . 1985 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئاستا ـ ئاستا فولكلور ۋە خەلق مەدەنىيىتى تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى . ئىلمىي ماقالىلەرمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، تېمىلار رەڭدارلىققا ، تەتقىقات سەۋىيىسى چوڭقۇرلۇققا قاراپ ماڭدى .

1986 - يىلى پروفېسسور ئابدۇكېرىم راھماننىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار يېڭى باسقۇچقا كىردى. ئارقىدىنلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوسمان ئىسمائىلنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» (1994 - يىل)، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1999 - يىل) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا ئابدۇرېھىم نىڭ «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» (1993 - يىل) ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر فولكلورىغا دائىر ئۇيغۇرچە 200 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ئابدۇكېرىم راھمان، مۇھەممەد زۇنۇن، ئابلىمىت سادىق، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ھەبىبۇللا ئابدۇرېھىم، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىق پېشقەدەم تەتقىقاتچىلار؛ ئوسمان ئىسمائىل، غەيرەتجان ئوسمان، راھىلە داۋۇت، ئەسئەت سۇلايمان قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلار مەيدانغا كەلدى.

ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، مۇشۇ ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە 13 پارچە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى، ئۈچ پارچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىلدى، (يەنە ئىككى پارچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىلماقتا). بۇ دىسسېرتاتسىيەلەر ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى ھەمدە ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ماقالىلەر بۆسۈش خاراكتېرلىك سەۋىيە ياراتتى ھەمدە شىنجاڭدا فولكلور ۋە خەلق مەدەنىيىتى تەتقىقات قىزغىنلىقىنى ھاسىل قىلدى.

1998 - يىل ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى جەمئىيەت» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 100 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار قاتناشتى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى فولكلور تەتقىقاتى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

[قوشۇمچە]

**I ئۇيغۇر فولكلورى ۋە خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە يېزىلغان ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىلىرىنىڭ تىزىملىكى:**

1. راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئىپتىدائىي ئېتىقادلار توغرىسىدا ئىزدىنىش»، 1990 - يىل ئىيۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راھمان.

2. قەيسەر قۇربان: «ئىسلام دىنى

ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» 1992 ـ يىل ئىيۇن، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: بى شۇن (比棣)

3. مېھرىئاي ئابدۇلىم: «ئىلى مەشرەپلىرى توغرىسىدا»، 1993 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

4. ئەسەت سۇلايمان: «بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى»، 1994 ـ يىل ماي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

5. قەلبىنۇر مۇھەممەد: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاياللىق جىنسقا تېۋىنىش توغرىسىدا»، 1995 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

6. مېھرىئاي مەمتىلى: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش موتىفى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ھەققىدە»، 1996 ـ يىل ماي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

7. ئەنۋەر سەمەت: «تۈركىي خەلقلەرنىڭ يارىلىش ئەپسانىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، 1998 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

8. ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇر پەرھىز (تابۇ) لىرى توغرىسىدا»، 1998 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

9. زۇمرەت غاپپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى ئېستېتىك ئالاھىدىلىك توغرىسىدا»، 1998 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئابدۇكېرىم راخمان

10. قادىرجان سەمەر: «ئۇيغۇرلاردا جامائەتچىلىك ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى»، 1999 ـ يىل، لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: خاۋ سۇمىن (郝苏民)

11. مۇناجىدىن: «ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى»، 1999 ـ يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ۋاڭ باۋ

12. دىلمۇرات مەھمۇد: «ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، 2000 ـ يىل ماي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ۋاڭ باۋ (王堡)

## II دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

1. دىلمۇرات: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان مەدەنىيىتى»، 1993 ـ يىل، ماي، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتورىيىسى

2. رامىلە داۋۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، 1998 ـ يىل ماي، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: جۇڭ جىڭۋېن

3. ئەسئەت سۇلايمان: «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسىچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتورىيىسى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: لاڭ يىڭ

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

# چىرا چۆل، كېرىيە كۆل

(رىۋايەت)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا، بىر ئەۋلىيا بىر قاپاق سۇ بىلەن بىر خورجۇن نان ئېلىپ، تاغمۇتاغلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن دەريالارنى كېچىپ، چىرا تاغلىرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەۋلىيا قارىغۇدەك بولسا، خورجۇندىكى نانلىرى تۈگەپ، قاپىقىدىكى سۇيى يېرىملىشىپتۇ. ئەۋلىيا تاغلىقلارغا:

— ماڭا سۇ بەرسەڭلار، — دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. چىرلىقلار:

— ساڭا بىكارلىققا بېرىدىغان سۇ نەدە تۇرۇپتۇ، — دەپ سۇ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەۋلىيا كۆپ يالۋۇرغان بولسىمۇ بىر تامچە سۇغا ئېرىشەلمەپتۇ. خاپا بولغان ئەۋلىيا:

— سۇيۇڭ كەم بولغاي، يەرلىرىڭ قۇرۇغاي، — دەپ دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىرادا قۇرغاقچىلىق هۆكۈم سۈرۈپتۇ. ئىچكۈدەك سۇمۇ تەس تېپىلىپتۇ.

ئەۋلىيا ماڭا - ماڭا كېرىيە تاغلىرىغا كەلگەندىن كېيىن كېرىيىلىكلەر ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا چىقىپ، چاي - مەزە قويۇپ ئۆزىنىڭ مېهماندوستلۇقىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئەۋلىيا كېتىدىغان چاغدا سوۋغا - سالام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئەۋلىيا قارىسا كىچىك بىر دەريا ئېقىۋاتقانىكەن. ئەۋلىيا قاپىقىنى ئېلىپ دەريا بويىغا كەپتۇ - دە:

— سۇيۇڭ مول، يېرىڭ باغۇ بوستان، خەلقىڭ كەڭ داستىخان بولغاي، — دەپ دۇئا قىلىپ قاپىقىدىكى سۇنى كېرىيە دەرياسىغا تامغۇزۇپتۇ. دېگەندەك كېرىيە دەرياسىنىڭ سۇيى ئەزەلدىن تولۇپ تاشقانىمىش. بۇ دەريا بۇرۇندا «كۇراپ دەرياسى» دەپ ئاتالغانىكەن.

كېرىيىدە تاغلىق كىشىلەر ئەۋلىيانى بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، پولۇ بىلەن مېهمان قىپتۇ. ئەۋلىيا پولۇ يېگەن جاي «پولۇ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەۋلىيا كۇراپ دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭماقنى ئىختىيار قىپتۇ. هېلىقى كىشىلەر دەرهال بىر خورجۇن نان، بىر قاپاق سۇ ۋە بىر ئات تەييارلاپ ئەۋلىياغا يوللۇق تۇتۇپتۇ. ئەۋلىيا ئاتقا مىنىپ تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. ئەۋلىيا شۇ چاغدا تاغ ئېتىغا مىنگەچكە كېرىيىدە تاغ ئېتى ئەتىۋار هەم يارام ئىكەن. ئەۋلىيا ئاتقا مىنىپ نۇرغۇن يول يۈرۈپ بىر بوستانلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئەۋلىيا بۇ يۇرتقا كەلگۈچە ئۇنىڭ نام - شەرىپى كېلىپ بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن:

— بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەۋلىيا ئاستىدىكى ئاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاتچان كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن كېرىيە تاغلىرى «ئاتچان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىمئاخۇن

توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم

(كېرىيە ناهىيە توغرىغاز يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# مىراس ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدە كاتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ پادىشاھ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، شۇ كۈنلەردە پادىشاھ خانلىقنى قايسى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئاخىر بىر چارە ئويلاپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ، سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ.

بىرىنچى كۈنى بارلىق ئوغۇللىرىدىن «ئوردا باشقۇرۇش، يۇرت سوراش» ھەققىدە سىناق ئاپتۇ، بۇ تۇردە كەنجى ئوغلى ئەلا بولۇپ تاللىنىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى «چەۋەندازلىق»تىن سىناق ئاپتۇ، بۇ تۇردە چوڭ ئوغلى ئەلا بولۇپ تاللىنىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى «ئىقتىساد باشقۇرۇش» بويىچە سىناق ئاپتۇ، بۇ تۇردە ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەلا بولۇپ تاللىنىپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا قاراپ، چوڭ ئوغلىنى ئەسكىرىي كۈچ خانى قىلىپ تەيىنلەپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا قويۇپتۇ. ئوتتۇرانچىسىنى ئىگىلىكنى باشقۇرىدىغان خان قىلىپ تەيىنلەپ ئوردا سەلتەنىتىنى ياخشى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپتۇ.

كەنجى ئوغلىنى ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ يۇرتنى ئادىل سوراش خانى قىلىپ تەيىنلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پادىشاھنىڭ نامى «ئۈچ خان خاندانلىقى»غا ئۆزگەرتىلىپتۇ.

پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا ئىچىنى سوغۇقچىلىق قاپلاشقا باشلاپتۇ، مېنىڭ - سېنىڭ باشلىنىپ مال - دۇنيا ۋە ھوقۇق تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئوردا ئىچى قالايمىقانلىشىپ جەڭگى - جېدەل باشلىنىپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى ئەمەلدار - قەلەمدارلار تەڭقىسلىققا قېلىپتۇ، ئوردا ئىچىدە ھەممىسى قولغا چىققاننى ئېلىپ ئوردا ئىچى قورۇقدىلىپ قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ «ئۈچ خان خاندانلىقى» تۈگىشىپتۇ، بۇ يەردىكى پۇقرالار ئېچىنغان ھالدا پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىغا قالدۇرغان نەرسىلىرى ياخشى نەرسە ئەمەسكەن، بىر ئىناق خانلىقنى ۋەيران قىلدى، پادىشاھتىن مىراس ئەمەس، ئەسكى مەرەز قاپتىكەن، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يۇرت كىشىلىرى ئاتىسىدىن قالغان مال - بىساتنى مەرەز دەپ ئاتىشىدىغان بولۇۋاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مەمتىمىن تۇردى**

توپلىغۇچى: **مەتتۇردى مۇھەممەتئىمىن (شال)**

(كېرىيە لەنگەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# خىزىر بىلەن شەيتان ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، خىزىرنى ئاللاتائالا پۈتۈن دۇنيادىكى سىرلارنى يېشەلەيدىغان، سىرلىق مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان، ئىنسانلارغا بەرىكەت ئاتا قىلالايدىغان خاسىيەتلىك ئەۋلىيا قىلىپ ياراتقانىمىش.

ئەلقىسسە، خىزىر بىلەن شەيتان ئاشكارا ھالدا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرىدىغان زامانلاردا، بىر كۈنى شەيتان كىشىلەر توپى ئىچىدە يەتتە - سەككىز نوختىنى كۆتۈرۈۋېلىپ:

— بۇ نوختىلار ھايۋانلارنىڭ ئەمەس، ئادەملەرنىڭ نوختىلىرى. ماۋۇ تولا ئۈزۈلۈپ ئۇلاق بولۇپ كەتكىنى ئەتىگەن سەھەر تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ۋاقتىدا ئىشقا بارىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇپ، بۇنىڭغا مەن كۈندە ئۇلاق سېلىپ ئاۋارە بولىمەن. بۇ يېڭى نوختىلار بولسا چۈشكىچە ئۇخلايدىغان ھورۇن كىشىلەرنىڭ بولۇپ، ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم بولغاچقا نوختامنى بۇزۇپ تاشلىمايدۇ. مەن ئاللادىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە نوختا سالالايمەن، — دەپ جار سېلىپتۇ. خىزىر بۇنى ئاڭلاپ شەيتاننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ئىبلىس شەيتان، نوختاڭنى ماڭىمۇ سالالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سالالايمەن، — دەپتۇ شەيتان.

خىزىر:

— ھەددىڭ ئەمەس، سەن ماڭا نوختا سالالمايسەن، — دەپ مەنسىتمىگەن ھالدا كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەيتان خىزىرگە قانداق قىلسام نوختا سالارمەن، دەپ چارە ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. خىزىر بولسا، «مەن دۇنيادىكى ھەممە سىرلارنى يېشەلەيدىغان تۇرسام، شەيتان ماڭا نوختا سالالمايدۇ» دەپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندە شەيتان كەلگۈن كەلگەن دەريا بويىدا، قېرى موماي قىياپىتىدە ياسىنىپ زار - زار يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا خىزىرمۇ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇ مومايىنى كۆرۈپ دەرھال بىر ياش يىگىت قىياپىتىگە ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە:

— موما، باشلىرىغا قانداق كۈن چۈشتى؟ ئېيتسىلا، ھاجەتلىرىدىن چىقاي، — دەپتۇ. موماي تېخىمۇ بەك يىغلاپ يىگىتنىڭ پۇتىنى سۆيۈپتۇ ۋە:

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدا يالغۇز قىزىمنىڭ ئۆيى بار، ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىر ئاي بولغانىدى، قىزىم ئېغىر ئاياغ بولۇپ، كۆزى يورۇيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. مەن ئەتىگەن دەريادىن ئۆتكەندە دەريادا سۇ ئاز ئىدى، قىزىمغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كەلسەم كەلگۈن كېلىپ قاپتۇ. ئەمدى دەريادىن قانداق ئۆتەرمەن، — دەپتۇ - دە، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. خىزىرنىڭ موماي-

غا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى بويىنىغا مىندۈرۈپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە موماي قىزبالىدەك ئاۋازدا قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. خىزىر شۇنداق قارىسا، ئىبلىس شەيتان ئۆزىگە نوختا سېلىپ بىر قىز سىياقىدا ئولتۇرغۇدەك. خىزىر شۇ هامان شەيتاننى بويىنىدىن ئېلىپ دەرياغا ئېتىپتۇ. دەريادىكى سۇ قاينام هاسىل قىلىپ، شەيتاننى چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ. خىزىر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئاللادىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ قىرىق يىل ئېتىكابتا ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن بېرى ئاشكارا يۈرمەيدىغان، ئۆزىنى چوڭ چاغلىمايدىغان بولغانمىش.

شۇنىڭدىن باشلاپ خىزىر ئىنسانلارغا كۈندە بىر قېتىم تۈرلۈك ئۆزگىرىپ يولۇقارمىش، تولىسى ئۇن بازىرى ۋە ئۇلاق بازىرىدا يۈرەرمىش، بۇنداق جايلاردا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە باش بارمىقىنى چىڭ تۇتۇپ كۆرۈشسە بولارمىش، خىزىرنىڭ باش بارمىقى پاختىدەك يۇمشاق بولۇپ، خىزىرنى تونۇپ قالغان كىشى خىزىردىن نېمە ھاجىتى بولسا سورىسا، شۇنى بېرەرمىش.

توپلىغۇچى: ئوسمان جۇمە
(شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە 49 - تۇەن ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»گە مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز!

● «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى.

● «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» — نۇقتىلىق مۇشتەرى بولىدىغان پارتىيە گېزىتى.

● «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» بەتلىرىنىڭ كۆركەملىكى، سەھىپىلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن مۇشتەرىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۆزىنى قوللاپ، قوغۇۋەتلەپ كەلگەن بارلىق مۇشتەرىلەرگە سەمىمىي سالام يوللايدۇ ھەمدە يېڭى يىلدا بەت يۈزىدە تېخىمۇ زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مۇشتەرىلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

● «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) كېلەركى يىلدىن باشلاپ ھەپتىدە ئۈچ سان چىقىرىلىدۇ. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 150 - 57.

مۇشتەرىلەرنىڭ ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

تېلېفون: 2841254، 2828049 (0991)

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»

# «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» ھەققىدە

**ئوسمان ئىسمائىل**

چۆچەكشۇناسلىق ئىلمى مەيدانغا كەل-
گىلى بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت
بولدى . بۇ جەرياندا خەلقئارادا چۆچەكلەر
تەتقىقاتىنىڭ خىلمۇخىل ئېقىم ۋە ئۇسۇللىرى
مەيدانغا كەلدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى بىر-
قەدەر كۈچلۈك بولغان ئالتە ئېقىم بولۇپ ،
بۇلار : گېرمانىيىلىك ياكوپ لۇدۋىگ
كارل گىرىم ( Jakob ludwig Karl Grimm )
ۋە ۋىلھېلم كارل گىرىم
( Wilhelm Karl Grimm ) ، ئەنگلى-
يىلىك ماكس موللېر
( Max Moller ) ، فرانسىيىلىك كۈين .
شۋارتىس ( Quen. Schwartz ) ۋە مانخارد
( Manhard ) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى
«مىفولوگىيە (ئەپسانە شۇناسلىق ) ئېقى-
مى» ، ئامېرىكىلىق لېۋىس ھېنرى مور-
گان ( Lewis Henry Morgan ) ،
ئەنگلىيىلىك تايلور ( Taylor ) ،
فرازېر ( Frazer ) ، ئاندرېۋ لانگ
( Andrew. Lang ) ، خارتلاند
( Hartland ) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىك-
ى «ئانتروپولوگىيە ئېقىمى» ،
گېرمانىيىلىك تېئودور
بېنف ( Teodoro Benf ) ، فرانسىيە-
لىك كاۋسجىن ( Cawsejin ) ۋە رۇسىيە-
لىك ۋېسلوۋىسكىي باشچىلىقىدىكى «تار-
قىلىش ئېقىمى» ، ئاۋىستىرىيىلىك سىگ-
موند فروئىد ( Sigmund Freid ) ۋە جۇڭ
( Jung ) ۋەكىللىكىدىكى «روھىي ئانالىز
ئېقىمى» ، فرانسىيىلىك ستراۋس
( Straus ) ، ئامېرىكىلىق روبېرت فۇ-
گېس ( Robert Hughes ) ۋە ئالان داندېس
( Alan Dundees ) ، رۇسىيىلىك پروپپېر
قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى «قۇرۇلمىچى-
لىق ئېقىمى» ، فىنلاندىيىلىك كارل
كروفن ( Carl Crohn ) ، ئاندى ئارنو
( Andie Arno ) ۋە ئامېرىكىلىق ستىس
تومپسون ( Steese Thompson ) ۋەكىللى-
كىدىكى «تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى»دىن
ئىبارەت . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان
پەنلەر ، ئوخشىمىغان پەلسەپىۋى كۆزقا-
راشلار ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چۆ-
چەكلەرنى تەتقىق قىلىپ ، ھەيران قالارلىق
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى .

بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ ئالتە ئې-
قىم ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى «تارىخ ، جۇغ-
راپىيە ئېقىمى» بولۇپ ، بۇ ئېقىمنىڭ تەت-
قىقات ئۇسۇلى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا فولك-
لورشۇناسلىرىنىڭ بارغانسېرى قوللىنىشىغا
ئېرىشمەكتە ۋە كۆپلەپ قوللىنىلماقتا .

مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە تارىخ ـ جۇغرا-
پىيە ئېقىمىغا تەۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىنتا-
يىن مول تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا
كەلدى ۋە بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىلىرى
ئومۇمىيلاشتۇرۇلۇپ «AT تۈرگە بۆلۈش
ئۇسۇلى» دەپ ئاتالدى . دېمەك «AT
تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» چۆچەكشۇناسلىق
ساھەسىدىكى بىر خىل تەتقىقات نەتىجىسى-
دىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە
دۇنيا چۆچەكشۇناسلىرىنى چۆچەك نەزەرى-
يىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەي-
دىغان ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان

بىر خىل قورالغا ئايلاندى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر چۆچەكشۇناس «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى»دىن خەۋەرسىز ھالدا چۆچەكلەرنى چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلالمايدۇ. شۇڭا مەن يېقىندىن بۇيان بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆردۈم. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى ھاسىلاتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى فىنلاندىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا ۋە فىنلاندىيىنى پائالىيەت مەركىزى قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «فىنلاندىيە ئېقىمى» دەپمۇ ئاتايدۇ. دۇنيا ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە 19 ـ ئەسىردىكى فولكلور ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى باشقا پەنلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى بولمىغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۇسۇلىنى پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى فىنلاندىيە ئالىملىرى كەشىپ قىلغان. ئۇ بولسىمۇ «تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى»نىڭ ئۇسۇلىدۇر.

مەلۇمكى، فىنلاندىيە بۇرۇن باشقا دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى فىنلاندىيە ئالىمى ئېلىيا لورنۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جانلاندۇرۇپ، مىللىي غۇرۇرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يىرىك ھەجىملىك قەھرىمانلىق ئېپوسى «كالېۋالا»نى توپلاپ رەتلىگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ فىنلاندىيىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ خىل قىزغىنلىق ئاستا ـ ئاستا چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بۇرالدى. چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا تارىخ، جۇغراپىيە ئۇسۇلى ئىجاد قىلىندى ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى. لورنۇنىڭ شاگىرتى ئۇرئۇس كروفىن ئاساسلىقى قوشاقلارنى تەتقىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى كارل كروفىن بىرىنچى قېتىم تارىخ، جۇغراپىيەلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «ئېيىق بىلەن تۈلكىنىڭ ھېكايىسى» نامىدىكى بىر يۈرۈش چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىپ زور نەتىجە قازاندى. كارل كروفىننىڭ شاگىرتى ئاندى ئارنو بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ 16 چۆچەك تىپىنى بېكىتىپ چىقتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1910 ـ يىلى ئېلان قىلغان «چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق كىتابى مول چۆچەك ماتېرىياللىرى ئۈستىدە تەپسىلىي ئانالىز يۈرگۈزۈش ۋە ئىندېكس تۈزۈش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمما ئارنونىڭ «ئىندېكس»ى فىنلاندىيە چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، گەرچە ئۇ ئارنونىڭ كۆپ قېتىملىق تۈزىتىشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا مەزمۇن جەھەتتىن زور چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدى. كېيىن ئامېرىكا ئالىمى ستېس تومپسون بۇ ئىندېكس ئۈستىدە ئىنتايىن مۇھىم تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، 1928 ـ يىلى قايتا نەشر قىلدۇردى. 1961 ـ يىلى بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر قېتىملىق تولۇقلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىندېكس پۈتۈن دۇنيادىكى چۆچەكلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم قورال كىتابقا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمىنىڭ چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش مېتودىكا سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. ھەرقايسى

ئەل فولكلورشۇناسلىرى بۇ ئەمگەكنى «ئارنو ـ تومپسون سىستېمىسى» ياكى قىسقارتىپ «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دەپ ئاتىدى. تومپسون يەنە 1932 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ موتىفلار كاتالوگى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كاتالوگقا دۇنيا چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان موتىفلاردىن 20.000 دىن ئارتۇقراقى كىرگۈزۈلدى. تومپسوننىڭ بۇ ئەمگەكلىرى 1991 ـ يىلى شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن «دۇنيا چۆچەكلىرى كلاسسىفىكاتسىيىسى» نامىدا خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. ①

تومپسون تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ: «بىر تەتقىقاتچىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ ئاساسىي مەقسىتى — مەلۇم چۆچەكنىڭ ھايات تارىخىنى پۈتۈنلەي ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت. تەتقىقاتچى بىر چۆچەكنىڭ ھەر خىل ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىنى تەھلىل قىلىش، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەممىگە ئايان بولغان ئاغزاكى پاكىتلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلى تىپىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن پەيدا بولغان بارلىق ۋارىيانتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئىمكانقەدەر مۇۋاپىق ئىزاھلاپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات يەنە چۆچەكلەرنىڭ ئەسلى تىپىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ.»②

ئۇنداق بولسا بۇ خىل تەتقىقات قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ ھەر خىل ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق توپلىنىدۇ (بۇ تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسى)، بارلىق ۋارىيانتلارنىڭ توپلانغان ۋاقتى ۋە ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇ يازما ماتېرىيال بولغان بولسا، ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقارتىلغان شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ھەرقايسى ۋارىيانتلارنىڭ تىل ۋە دۆلەت تەۋەلىكى كۆرسىتىلىدۇ، ھەممە تەرتىپكە تۇرغۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: $GG_5$ دېگەن بەلگە نېمىس تىلىدىكى گېرمانىيىدە تارقالغان چۆچەك، بىر گۇرۇپپا ماتېرىيال ئىچىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق ماتېرىيال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. $CS_2$ دېگەن بەلگىدىكى «C» ئىنگلىز تىلى «S» شوتلاندىيە، «2» بىر گۇرۇپپا ماتېرىياللار ئىچىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ماتېرىيال دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەينى بىر چۆچەكنىڭ نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىن توپلانغان نەچچە يۈز نۇسخىلىرى مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا رەتلىۋېلىنىدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە بارلىق نۇسخىلارنىڭ ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، ۋەقەلىكى ئوخشىمايدىغان ۋە ئوخشاپراپ كېتىدىغان نۇسخىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇشۇ چۆچەكنىڭ بىرنەچچە ئاساسىي نۇسخىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار «كېيىنكى تىپلار» دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېيىنكى تىپلار بەلگىلىك تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇلۇپ، تىك يۆنىلىشلىك تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىدىن چۆچەكنىڭ ئەسلى تىپى قۇراشتۇرۇپ چىقىلىدۇ، توغرا يۆنىلىشلىك جۇغراپىيىلىك تارقىلىش جەريانلىرىدىن چۆچەكنىڭ پەيدا بولغان جايى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ. مە-

سىلەن: ئەگەر بىر چۆچەكنىڭ كېيىنكى تىپلىرى ئىچىدىكى مەلۇم نۇسخىلىرى چۆچەكنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىنى بىر قەدەر كۆپ ساقلىغان بولسا، بۇ نۇسخىلار مۇشۇ چۆچەكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقا نۇسخىلارنى (ۋارىيانتلارنى) پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا، ئۇنداقتا بۇ نۇسخىلار چۆچەكنىڭ ئەسلى تىپىغا يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مانا شۇ ئەسلى تىپقا يېقىن دەپ قارالغان كېيىنكى تىپلارنىڭ ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلى تىپى قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلىدۇ.

«ئەسلى تىپ»نى قۇراشتۇرۇپ چىقىش تارىخ - جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ خىزمەت ئورۇندالغاندىن كېيىن، مانا شۇ بىز ئېرىشكەن ئەسلى تىپنى ئاساس قىلىپ، بۇ چۆچەكنىڭ ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلاردا تارقالغان ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرىنى ئەسلى تىپقا سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزسەكلا، بۇ چۆچەكنىڭ ئوخشىمىغان زامان ۋە ماكاندا تارقىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ چۆچەكنىڭ مۇكەممەل ھايات تارىخىنى بىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىقىدەك تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. چۆچەكشۇناسلار بىر - ئىككى چۆچەكنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن قان - تەرنى سەرپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاندىرسېننىڭ «پادىشاھ ۋە ئېپىسكوپ» ناملىق چۆچەكنىڭ 600 نەچچە ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى، بىرۋۇننىڭ «ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقان باتۇر» ناملىق چۆچەكنىڭ 360 ۋارىيانتى ۋە «ئاكا - ئۇكا» ناملىق چۆچەكنىڭ 600 نەچچە ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى، تومپسوننىڭ ئىندىيانلار ئىچىدە تارقالغان «يۇلتۇز ئەر» ناملىق چۆچەكنىڭ 86 ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.

تارىخ - جۇغراپىيە ئېقىمىنىڭ تەتقىقات خادىملىرى چۆچەكلەرنى تىپلارغا ئايرىپ، ئۇنىڭ ھايات تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالمىدى، بەلكى ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تىپ تەتقىقاتى ئاساسىدا «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «ئىندېكس» ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشىدۇر، شۇنداقلا فولكلور ۋە چۆچەكشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدۇر.

ئارنو ئىشلىگەن، تومپسون تولۇقلىغان «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى»دە دۇنيا چۆچەكلىرى چوڭ - كىچىك تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ تىپلىرى كۆرسىتىلگەن، ھەربىر تىپنىڭ ئىپتىدائىي ۋەقەلىكلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرىغا خاس بەلگە قويۇپ چىقىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر تىپتىكى ئاساسىي موتىفلار ئايرىپ كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ چۆچەكلەرنىڭ ھەر خىل تىپ، ھەر خىل رايونلاردىكى ۋارىيانتلىرى كۆرسىتىلىپ، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تەتقى-

قاتى ئۈچۈن ئىنتايىن قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلگەن .

«AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى مۇشۇ قوللانمىدىن پايدىلىنىپ ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ چۆچەكلىرىنىڭ تۈر - كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى . ھازىرغىچە 40 قا يېقىن دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىندېكسى تۈزۈلۈپ «AT» تۈرىغا كىرگۈزۈلدى . ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىم دىڭ نەيتوڭ 10 يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىر «جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى»نى تۈزۈپ چىقتى .③ ئۇ جۇڭگونىڭ 7300 چۆچىكىنى توپلاپ ، ئۇلارنى 843 تىپقا ئاجرىتىپ ، «AT» تۈرىغا كىرگۈزدى . ئۇنىڭ ئەمگىكى تۇنجى قېتىم جۇڭگو چۆچەكلىرىنى خەلقئارا تىپقا كىرگۈزۈپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى چۆچەكشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئىنتايىن قۇلايلىق يارىتىپ بەردى .

چۆچەكشۇناسلىق تەتقىقاتى باشلىنىش بىلەنلا ، كىشىلەر شۇنى ھېس قىلدىكى ، ھەربىر دۆلەتتە توپلانغان چۆچەكلەر نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە ئون مىڭ بولۇپ ، دۇنيا مىقياسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ . ئەمما چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە تىپى ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس . بىز شۇنى روشەن ھېس قىلىمىزكى ، بىر چۆچەك ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش تارقالغان بولىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ۋەقەلىك تىپلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ . نۇرغۇن چۆچەكلەر ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر ئوخشاش ۋەقەلىكنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرىدىنلا ئىبارەت ، خالاس . بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا ، بىر مىللەت ئىچىدە تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە $\frac{1}{3}$ قىسمى خەلقئارا چۆچەكلەرگە مەنسۇپ . كىشىلەر شۇنى ئېنىق ھېس قىلماقتىكى ، بەزى چۆچەكلەر ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىلا كەڭ تارقىلىپ قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە دېگۈدەك ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىنى تېپىش مۇمكىن . شۇڭا چۆچەكلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن ، چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ، ئۆزگىرىش ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى چۆچەك ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە ھەر خىل نۇقتىدىن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ، ماكرولۇق ۋە مىكرولۇق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارماي بولمايدۇ . مەيلى بىر چۆچەك ياكى بىرنەچچە چۆچەكنى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز ، مەيلى بىر رايون ، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ چۆچەكلىرىنى ياكى بىرنەچچە مىللەت ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە چۆچەكلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ۋە تارقىلىش جەريانىدا قانداق تارىخىي - جۇغراپىيىلىك ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقىنى چوقۇم ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . كەڭ دائىرىدىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ تەرەپلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم چۆچەكنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى ئەھۋالىنى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى تارىخ – جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ قان – تەرى بەدىلىگە نۇرغۇن چۆچەك ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، ئۇلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» دەل ئەنە شۇ ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ خەلق چۆچەكلىرى ئۈستىدە كەڭ تۈردە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئۇ فولكلورشۇناسلارنىڭ چۆچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مۇھىم قورال كىتابى ۋە نەزەرىيىۋى يېتەكچىسى. ئۇ بىزنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنتايىن مول چۆچەك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. ئۇ ھەربىر چۆچەكنىڭ تىپىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە بۇ خىل تىپقا تەۋە چۆچەكلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە تارىخ – جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1. «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، يەنى بىز بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىسى ئارقىلىق چۆچەكلەرنىڭ دۇنياۋى تارقىلىش ئورنىنى خەرىتىلىك كۆرۈنۈش بىلەن كۆزىتەلەيمىز.

2. ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ. مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ يىلتىزىنى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ھالىتىنى ۋە كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلىۋالالايدۇ.

3. چۆچەك تەتقىقاتچىلىرىغا ئىنتايىن چوڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، چۆچەك تەتقىقاتىدىكى تەكرارلىق ۋە بىر تەرەپلىمە ئىزاھلاشلارنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىھۇدە ئەمگەكلىرىنى قىسقارتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

4. فولكلور ۋە ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنى مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش جەريانلىرىدىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى رايون ۋە مىللەت ئىچىدىكى پەرقلىرىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ھالىتىنى ئېنىقلاپ چىقالايدۇ. دۇنيادا ئېقىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ موتىفلىرىدىن بىر خىل مەدەنىيەت خېمىرتۇرۇچىنىڭ ئوخشىمىغان زامان ۋە ماكاندا قانداق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

### ئىزاھاتلار

① تومپسون: «دۇنيا چۆچەكلىرى كلاسسىفىكاتسىيىسى»، «شائىخەي ئەدەبىيات – سەنئەت نەشرىياتى» 1991 – يىل، خەنزۇچە نەشرى.

② لىيۇ شۇخۋا: «سېلىشتۇرما چۆچەكشۇناسلىق»، شائىخەي ئەدەبىيات – سەنئەت نەشرىياتى، 1995 – يىل سېنتەبىر نەشرى (51 – بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

③ دىڭ نەيتوڭ (丁乃通): «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۈر كۆرسەتكۈچى»، خەلق ئەدەبىيات – سەنئەت نەشرىياتى، 1986 – يىل نەشرى.

مۇھەررىرى: يۇسۇپ ئىسھاق

# قارا قاش ، دەردىڭ يامان

ئالما تۈۋىگە ئالما كۆمدۈم ،
ئالما يارىم بولغايمۇ دەپ .
چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم ،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ .

مېھرىباندۇر ئۆزىڭىز ،
شېرىن-شېكەردۇر سۆزىڭىز .
بىر كېلىپ ، ئىككى كېلىپ ،
ئۆگىنىۋالغان ئۆزىڭىز .

ئاسماندىكى لاچىننى ،
زەنجىر بىلەن باغلىدىم .
سىلى خېنىمنىڭ داڭقىنى ،
ئالتە كۈندە ئاڭلىدىم .

ھارۋىغا سېلىپ قويدۇم ،
گۈرجەك بىلەن ئارىنى .
ئەقلى بولسا بىزنى سۆيسۇن ،
تاشلىۋەتسۇن يارىنى .

چاپىنىڭىز پەشمەت ،
ئىشتىنىڭىز شىم .
يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپسىز ،
ئادىشىڭىز كىم ؟

ئاسماندا يۇلتۇز تولا ،
سانىغىلى بولماس .
ئوتىڭىز يامان ئىكەن ،
چىدىغىلى بولماس .

كىچىككىنە ئېرىق چاپتىم ،
ئاتلاپ ئۆتكۈدەك .
سۇزۇككىنە سۇ ئېقىپتۇ ،
يېتىپ ئىچكۈدەك .

ئېگىز تاغدا قار يېغىپتۇ ،
ئېرىمەيدۇ قار .
بىزدىن ئامەت قاچقاندا ،
تونۇمايدۇ يار .

ئېتىزدىكى كېۋەزنى ،
قويۇق بولسا تاقلايمەن .
سىز يارىمنىڭ سۆزىنى ،
مەڭگۈ ئەستە ساقلايمەن .

دورا دەيدۇ ، دورا دەيدۇ ،
قېچىننىڭ ياغىنى .
ئەقلى بارلار سۆيمەس ھەرگىز ،
كىشىنىڭ يارىنى .

داۋانچىڭغا بارمايمەن ،
داۋانچىڭدا قەرزىم بار .
ئايالىم سارالڭ بولدى ،
قېيناتامغا ئەرزىم بار .

قىر تۆپىسىدە بىر بۇغداي ،
بۇغداي يېگەن بوز تورغاي .
ئۇخلاپ قالغان خېنىمنى ،
بىرنى سۆيسەم نىم بولغاي .

ئۆستەڭ بويىدا ئۆي بولسا ،
سۇنى قۇيسا تاشمىسا .
جۇۋان بولسا شوخ بولسا ،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا .

دۇتار چالدىم پەدىگە ،
قارا قاشنىڭ دەردىگە .
قارا قاش تۇرالمىدۇ ،
باشتا قىلغان ۋەدىگە .

ئوڭ قولۇمدا جىنچىراغ ،
سول قولۇمدا شام چىراغ .
ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرماي ،
مەشرەپكە بارغان ياخشىراق .

ئېگىز - ئېگىزساراي سالدىم ،
شوتا قويۇڭلار .
قىز - چوكانلار ئۇخلاپ قاپتۇ ،
پوتا قويۇڭلار .

ئادەم بىلمىگەن لاي سۇنى ،
ئۆردەك بىلەن غاز بىلەر .
ئاپئاق جۇۋاننىڭ ھالىنى
ئالا پەشتاق تاز بىلەر .

ئات چاپتۇردۇم تۈزگە ،
بۇغداي تېرىدىم كۈزگە ،
يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق ،
ئەجەب كۆيدۈمغۇ سىزگە .

ئاق لاتىدىن كۆڭلەك كىيىپسىز ،
كۆك لاتىدىن جىيەك تۇتۇپ .
ئاشنىڭىز مەشرەپكە كەلمەي ،
ئولتۇرۇپسىز ئېڭەك تۇتۇپ .

سۇنىڭ سۈزۈكى بۇلاق ،
چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق .
بىزدىن باشقا يار تۇتسىڭىز ،
ئاڭلاپ قالىدۇ قۇلاق .

چاققاق دېگەن تاغنىڭ ئوتى ،
لەيلىقازاق باغنىڭ ئوتى .
يۈرەكىمنى كۆيدۈرگەن ،
قارا قاش يارنىڭ ئوتى .

ئالتاي يولى بىر ئايلىق ،
ئەنجان يولى قورايلىق .
نەدە ئويناپ يۈرگەندۇ ،

بىزنىڭ يارلار چىرايلىق .

پېشانەمگە چىۋىن قونسا ،
ھەرىمىكىن دەپتىمەن .
تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرسا ،
قېرىمىكىن دەپتىمەن .

ئالتۇندىن ئۈزۈك سوقتۇم ،
ياقۇتتىن كۆز قويۇپ .

مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم ،
ئوتتۇرىدا سۆز قويۇپ .

كاككۇكلار ئۇچۇپ كېلىپ ،
قوندى تېرەككە .
مۇندىن كېيىن قارىمايمەن .
سىزدىن بۆلەككە .

ئاق پاڭچۇدىن كۆڭلىكىم ،
ساندۇقۇمدا ساقلاقلىق .
سىزنىڭ قىلغان سۆزىڭىز ،
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق .

توپلىغۇچى : تۇرەك روزى
(ئاقسۇ شەھەر قاراتال 4 ـ
پاختا زاۋۇتى )
مۇھەررىرى : خۇرسەنئاي

# چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ

كىيىپ چىققان چاپىنىڭ
چىپەرقۇتمۇ ـ دىكامۇ ؟
ئوينىغىلى بارايمەن ،
سەن ئۆيۈڭدە بىكارمۇ ؟

سېنىڭ تۇتقان ئالماڭنى
ئويۇپ يەيمۇ ـ يېمەيمۇ ؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى ،
ساڭا دەيمۇ ـ دېمەيمۇ ؟

ئوغلاق تارتىپ ئوينايمىز ،
چاپقىلى ئېتىڭ بارمۇ ؟
يەر تېگىدىن قارايسەن ،
ماڭا بىر گېپىڭ بارمۇ ؟

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ ،
توختاپ قالار ئېقىندا .
سەۋرە قىلىڭ ئاپئاق قىز ،
مەن بارىمەن يېقىندا .

ساسلىقتىكى ئۆردەكنى
ئوقيادا ئېتىۋاللا .
ئاخشام چەكسەم ئىشىكنى ،
ئاچماستىن يېتىۋاللا .

بۇ كوچا ـ ئۇزۇن كوچا ،
چىقىپ بولماس بېشىغا ؟
ھەيران قالدىم يارىمنىڭ ،
كۆزىدىن ئاققان يېشىغا .

قوغۇنلۇقنىڭ قىرىغا
تېرىپ قويدۇم سەۋزىنى .
يۈرىكىمدە ساقلايمەن ،
ۋاپادارنىڭ لەۋزىنى .

خەتنى يازغان قولۇڭنى
كۆرۈۋالغۇم كېلىدۇ ؟
شېرىن ـ شېكەر لېۋىڭگە
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ .

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ ،
چۈنەكتىكى پېلەكتە .
سەن سورىما ، مەن دېمەي ،
دەردىم تولا يۈرەكتە .

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى ،
قىبلە تامغا پاسىل قىل ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم ،
مۇرادىمنى ھاسىل قىل .

توپلىغۇچى : ئابدۇرېھىم يۈنۈس
(قەشقەر كونا شەھەر زەمىن يېزا 12 ـ كەنت 3 ـ مەھەللە )
مۇھەررىرى : ئەسقەر مەخسۇت

«كروران» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ !

«بوستان» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلدىن باشلاپ «كروران» دېگەن نام بىلەن پەسىللىك ژۇرنالدىن قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى . ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتى ئۈستۈرۈلدى . ئەسلىدىكىدىنمۇ رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق مەنئۇيىتىڭىزگە مەلھەم بولىدۇ . ژۇرنىلىمىزنىڭ پارچە باھاسى 4 يۈەن . يىللىق باھاسى 24 يۈەن . 31 ـ دېكابىردىن بۇرۇن بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشتەرى بولسىڭىز بولىدۇ . ئادرېسىمىز : كورلا شەھىرى «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون : 2024226 (0996) ئالاقىلاشقۇچى : ئەمەتجان مۇھەممەت

# ھېكمەتلەر

△ كىشىلەر بىر ھۆكۈمادىن سوراپتۇ: ئېھتىيات دېگەن نېمە؟ ھۆكۈما گۇمان قىلىش دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. توغرىلىق دېگەنچۇ؟ دەپ سوراپتىكەن، ھۆكۈما كېچىكىش دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، قەلبلەرنى نېمە بىرلەشتۈرەلەيدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ھۆكۈما: دوستلۇق دەپتۇ. ئېھتىياتچان بولۇش دېگەنچۇ؟ دەپ سوراپتىكەن، مۇھەببەت ـ نەپرەتتە ئوتتۇرا ھال بولۇش دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

△ دانا ئېيتىدۇ: قىلىچنى چاقلاپ ئىشلىتىش ئۇنى ياساشتىن ئاسان بولغاندەك، قەدىناس دوستلار بىلەن يارىشىۋېلىش يېڭى دوست تۇتقاندىن ئاساندۇر.

△ بىلىم ھۆكۈمرانلار ھوقۇقىنىڭ ئەكسىچە يوقالماس ھوقۇقتۇر.

△ ئەگەر سەن ناچار تەبىئەتلىك ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، ھۆرمەتكە يۈزسىزلىك قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پۇتمەس ـ تۈگىمەس پۇشايماننى «مۇكاپات» ئالىسەن.

△ ھۇرۇنلۇق قىلغانلار ئاچارچىلىقتا دۇچار بولىدۇ. قانائەت قىلمىغانلار تويمايدۇ. تۇزكورلارغا ياخشىلىق قىلغانلار دائىملىق ئاچچىق يۇتىدۇ. تەجرىبىلەردىن پايدىلانمىغانلارنى دەۋر ئۆز بالايىئاپەتلىرىگە دۇچار قىلىدۇ.

△ ئۆگىنىۋېتىپ «بىلمەيمەن» دېگەن ئادەم بىلىدىغان ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەمدىن ياخشىدۇر.

△ ئۇرۇش بولغان، جەڭ ئوتلىرى لاۋۇلداۋاتقان ۋاقىتتا ئېتىنىڭ تۇيىقىنى قىزىتىدىغان ئادەم باتۇر ئەمەس، لېكىن يامان ئىشتىن ئۆزىنى توسۇيالىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر.

△ بىر دانا مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئوتتۇرىسى بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئەڭ ئادىلى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنىدۇر.

△ ھىندى ھېكمەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئاقىل كىشى ئۆزى ئېرىشكەن مەرتىۋە، تۇپەيلى كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ. قولدىن كەتكەن بەخت ئۈچۈن قايغۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە قاتتىق بوراندىمۇ تەۋرىمەيدىغان تاغقا ئوخشايدۇ. چاكىنا ئادەملەرنى ئەقەللىي مەنسەپلەرمۇ كۆرەڭلىتىپ ھاكاۋۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە كىچىككىنە شاماللارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوت ـ چۆپكە ئوخشايدۇ.

△ بىر دانا ئېيتىدۇكى، سەن ئۆز مەدھىيەڭنى ئۆز ھەرىكىتىڭگە تاپشۇر، ياخشى بولساڭ ئۇ سېنى سەممىي ھالدا ماختايدۇ. ئەگەر يامان بولساڭ، سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئەيىبلەيدۇ.

△ ھەكىم ئېيتىدۇ: سېنىڭ دۈشمىنىڭ ساڭا قارىمۇقارشىدۇر. قارىمۇقارشى ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن يىراق تۇرۇشى ۋە بىر ـ بىرىگە يېقىن يولىماسلىقى لازىم. سەن دۈشمەن دەسسىگەن يەرگە ئېھتىيات قىلغان، قاتتىق دىققەت قىلغان ھالدا دەسسىگىن. دۈشمىنىڭنىڭ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە يىراقلاشقانلىقى سېنى مەغرۇر قىلمىسۇن، بەلكى ئۇ، ئۇ يەردە ساڭا قىلتاق قۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. دۈشمىنىڭنىڭ قېشىغا قورالسىز، ھىمايىچىسىز كىرمە، دۈشمىنىڭنىڭ قورال تاش-

لىغانلىقى سېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويمىسۇن ، قورالنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بولغىلى بولمايدۇ . سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇكى ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ . ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشقان ئادەم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ۋە ئۆزى ئاڭلاشنى خالىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلايدۇ .

△ قەلبلەردە ئاداۋەتنى يوشۇرۇش خۇددى كۆل ئاستىدا چوغ يوشۇرغاندەك بولىدۇ .

△ ئى ئوغلۇم ، بۇ ئادەم ياخشى ئادەم ، باتۇر ئادەم دېيىلسۇن دەپ خارلىق ۋە ئاچارچىلىقتا ئولتۇرۇۋەرمە . سەن تۆگەڭنى كەمسىتىلگەن يۇرتلاردىن شىپالىق يامغۇرلار ھىمايە قىلىنىدىغان دىيارلارغا ھەيدىگىن . ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن قارا ، دەرەخلەر سايە تاشلىغان يەرگە ھەرگىز ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدۇ . شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەت ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ . ئەگەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىساڭ ، ھەيدىۋېتىلسەڭ ئۈمىدسىزلەنمە ، ھەيدىۋېتىلگەنلىك كەمسىتىلگەنلىك ئەمەس . سەندىن بۇرۇن مۇسانىمۇ خىزىر ھەيدىۋەتكەن . دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئەخلەت ـ چاۋالار لەيلەپ تۇرسا ، ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا گۆھەرلەر چۆكۈپ تۇرىدۇ . ئاسماندا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇز بولسىمۇ قۇياش بىلەن ئايدىن باشقىسىدا تۇتۇلۇش بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟ !

△ بىرسىنىڭ سەن بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ باشقىلار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ سېنى قوغلىغانلىقىدۇر . بىرسىنىڭ ساڭا يامان ئىشنى شىكايەت قىلىپ كېلىشى سەندىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىدۇر . بىرسىنىڭ سەندىن رازى تۇرۇپ ، سەندە يوق خىسلەتلەر بىلەن ماختىغانلىقى ساڭا غەزەپلىنىپ تۇرۇپ ، سەندە يوق ئەيىبلەر بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىدۇر .

△ ئى ئوغلۇم ، سۆزى بىلەن سېنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان ، قىلىقى بىلەن تالاپەتكە دۇچار قىلىدىغان كىشىلەرگە چېقىلما . بەزىدە دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇنى كەلتۈرگۈچىنىڭ جېنىغا تاقاشسا ، بەزىدە كۈتۈۋاتقان ياخشى پۇرسەتلەر ئاچچىق يۇتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ . بىر ئىشقا بەكلا بېرىلىپ كېتىپ جاھىللىق قىلىشتىن ساقلان . ئۇ مۇتەئەسسىپلىك بولۇپ كىشىلەرنى بىئارام قىلىپ جەڭگى ـ جېدەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . دۆلىتىڭگە زىيادە ئىشىنىپ كەتمە . ئۇ ئىزسىزلا يوقاپ كېتىدىغان سايىدۇر . باياشاتلىقتا تايىنىۋالمىغىن ، ئۇ بىر كۆچمەن مېھماندۇر .

△ كۇپايە قىلغۇدەك ئاز نەرسە ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان كۆپ نەرسىدىن ياخشىدۇر .

△ تەدبىرنىڭ ئاپىتى — ئېھتىياتچانلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇشتۇر . ئەقىلنىڭ ئاپىتى — دۈشمەننى ئاجىز ساناشتۇر . ئېھسان قىلغۇچىنىڭ ئاپىتى — مىننەتتۇر .

△ كىمكى ئۆزىنىڭ تەدبىرلىرىدىن ۋاز كەچسە ، ئۇنى جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ . كىمكى ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە سەل قارىسا ، سۇيىقەستلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچىدۇ . ئازغۇندىن يول سورىغان ئادەم ئازىدۇ . ئاجىزدىن يول سورىغان ئادەم خار بولىدۇ . يېقىنلىرىغا ياردەم بەرمەي ئۇخلىغان ئادەم دۈشمىنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئويغىنىدۇ .

△ رەزىل ، قارا كۆڭۈل ، شۇم نىيەت ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلىش ئاقىلانىلىقتۇر . سەن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدىغان كىشىگە جاپا سالما ، چىگىش قىيىن بولغان تۈگۈنلەرنى يەشمە ، سەن تاقىيالمايدىغان ئىشىكلەرنى ئاچما ، توسۇيالمايدىغان ئوقنى ئاتما .

△ ياخشىلىق قىلماي رەھمەت تەلەپ قىلىدىغان ، يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتىدىغان كىشىلەر ئەڭ نادان كىشىلەردۇر .

△ ئىمكانىيەت بولسا ، تەمكىن بول ، شارائىتىڭ يار بەرسىلا ، تىنچلىقنى قوبۇل قىل . ئامال تاپالىساڭلا ، دۈشمىنىڭ بىلەن

ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلاشما. تەدبىرنى يايرايدىغان بېغىڭ، ئىرادىنى يۆلىنىدىغان تېغىڭ قىلغىن. بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئويلان، قول سېلىشتىن ئاۋۋال نىشاننى بېكىتىۋالغىن، قەدەم بېسىشتىن ئاۋۋال كېڭەش قىل.

△ بىر مۇتەپەككۇر مۇنداق دېگەن: ھەسەت قىلغۇچىنىڭ سەن خۇشال بولغان ۋاقىتلاردا ئازابلىنىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك جازادۇر.

△ ھەكىم مۇنداق دېگەن: بېخىل بۇ دۇنيادا كەمبەغەلدەك ياشايدۇ، ئاخىرەتتە بايلاردەك ھېساب بېرىدۇ.

△ بىر دانا مۇنداق دېگەن: ئەڭ بەختسىز ئادەم ھۆكۈمرانلارنىڭ يېقىنلىرىدۇر. خۇددى ئوتقا يېقىن نەرسە تېز كۆيگەندەك ھۆكۈمرانلارغا يېقىنلىشىش ئادەمدە قورقۇنچاقلىق، جىسمانىي جەھەتتە ھارغىنلىق، ئىمان جەھەتتە سۇسلۇقنى پەيدا قىلىدۇ.

△ ھەكىم مۇنداق دېگەن: ئۆزىگە ئەڭ زۇلۇم قىلىدىغان ئادەم ئورۇن مەرتىۋىسى ئۆسسە يېقىنلىرىغا قوپاللىق قىلىدىغان، تونۇشلىرىنى تونۇماس بولۇۋالىدىغان، كاتتىلارنى كەمسىتىدىغان، پەزىلەتلىكلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئادەمدۇر.

△ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر پادىشاھتا «ھوقۇقىڭىزنىڭ قولدىن كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سوئال قويۇلغاندا، پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ھوقۇقىمدىن ئايرىلىشىمنىڭ سەۋەبى دۆلىتىمگە ئىشەنگەنلىكىم، ئۆزۈمچە بىلەرمەنلىك قىلىپ مەسلىھەتلەشمىگەنلىكىم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىم، ئېھتىياجىم چۈشكەن ۋاقىتتا تەدبىر قوللانمىغانلىقىم، دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئىشنى ئارقىغا سۈرگەنلىكىمدۇر.»

△ كەمتەرلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بېخىللىق ۋە نادانلىق، تەكەببۇرلۇق بىلەن بىلىم ۋە سېخىيلىقتىن ياخشىدۇر.

△ بىر دانا مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن سېنىڭ سۆھبەتدىشىڭنىڭ سەن ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى بايقىساڭ ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر ناشايان سۆز چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، دوستلۇقۇڭنى بۇزۇۋەتمىگىن. ئۇنىڭ خاتا كەتكەن سۆزىنى تۈزەتكىن، ناشايان ئىشلىرىنى ياپ، دوستلۇقنى ساقلاپ قال، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلما، تەسىرگە ئۇچرىغۇچى ئەمەس، تەسىرگە ئۇچراتقۇچى بول.

△ بىر دانا ئېيتىدۇكى: ياراملىق ئادەم بولمىسا، ھوقۇق بولمايدۇ، ئىقتىساد بولمىسا، ياراملىق ئادەملەر بولمايدۇ. گۈللىنىش بولمىسا، ئىقتىساد بولمايدۇ. ئادالەت بولمىسا، گۈللىنىشمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، ھوقۇق ئادالەتكە تەڭدۇر.

△ ئەگەر سەن پۈتۈن ھاياتىڭنىڭ پەقەت بىر سائەتكىلا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى جەزم قىلساڭ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئايىمايسەن؟

△ سەن مال ـ دۇنياغا ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا ئۇرۇپ كەتمىگىن، سەن دۇنياغا كېلىشتىمۇ قۇرۇق قول، يالىڭاچ كەلگەن، ھامان شۇ پېتى كېتىسەن!

△ كىمكى ئىشىنىشتىن ئاۋۋال سىنىمىغان، دوستلىشىشتىن ئاۋۋال ئىشەنچ ئورناتمىغان بولسا، ئۇنىڭ دوستلۇقى پۇشايمان مېۋىسى بېرىدۇ.

△ كۆپ ئۇخلىغان ئادەم ئۆمرىگە بەرىكەت تاپالمايدۇ. كۆپ يېگەن ئادەم ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تاپالمايدۇ. قوغلىغانلارنىڭ ھەممىسى تۇرنۇۋەرمەيدۇ. قاچقانلارنىڭ ھەممىسى قۇتۇلۇپ قېلىۋەرمەيدۇ. دوست ساقلاش پۇل ساقلاشتىن ياخشىدۇر. پۇلنىڭ بىرىنى بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. دوستنىڭ بىرىنى بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ.

△ قولدىكى قۇشقاچ كۆكتىكى بۆدۈنىدىن ياخشىدۇر.

△ ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلان، ئاچ

كۆزلۈك ئادەمنى بالاغا گىرىپتار قىلىدۇ .

△ ئەگەر سەن سالامەت قالاي دېسەڭ يامان ئادەملەر بىلەن ئۆچەكەشمە . ئەگەر دوستۇم مېنى ھۆرمەتلىسۇن دېسەڭ ، ئۇنىڭغا ئۆز سىرلىرىڭنى دەپ بەرمە ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمە . ئۇ ئەڭ ناچار يول باشچى ، ئەڭ لەنەتگەردى دوست ، ئەڭ مەككار ھەمراھتۇر . ئۇ راستنى يالغان قىلىپ ، ئەمەلىيەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدۇ ، خارلىقنى چىللايدۇ .

△ ئەگەر بىرى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ئازغۇنلۇق تەرەپكە بۇرۇلسا ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەت . ئۇ چوتنى خاتا سوققان كىشىدۇر . ئۇ بىر كۈن كۈلسە ، بىر يىل يىغلايدۇ .

△ ئۆز ئىشلىرىدا «خىيانەت قىلمايدۇ» دەپ ئىپتالمايدىغان كىشىگە تايانغان ئادەم ئەڭ نادان ئادەمدۇر .

△ ئۆزۈڭنى كۈچۈڭ يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىما ، مەنپەئەت بەرمەيدىغان ئىشلارنى قىلما ، ئايال كىشىگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتمە ، كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئىقتىسادىڭغا ئىشەنمە ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىل ، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىسەن ، سۆھبەتداشلىرىڭنى ھۆرمەتلە ، ھەرقاچان ھەققانىيەتچى بول ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن . پەس ، ئەدەپسىز كىشىلەردىن يىراق بول . ئۇ يۈزىنى تۆكۈپ شان ـ شەرەپىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ .

△ يىرتقۇچ يولۋاس تىرناقلىرى يۇلۇۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ، يەنىلا يولۋاستۇر . ئىت گەرچە شىر ـ يولۋاسلار ئارىسىدا تەربىيىلەنسىمۇ ئۇ يەنىلا ئىتتۇر . شۇنىڭدەك ساپ ئالتۇنغا سېرىق تۇچ ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ قىممەت يەنىلا ئالتۇنغا مەنسۇپتۇر . كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمگە قارىما ، قەلبىگە ، ئەخلاقىغا قارا ، ئارچا ياغىچى خۇش پۇراق چىقارمىغان بولسا ، كىشىلەر ئوتۇن بىلەن ئارچا ياغىچىنى ئايرىيالمىغان بولاتتى .

△ سەن ھەرگىزمۇ دۇنيا ساڭا باقسا ماختاپ ، سەندىن قاچسا ئەيىبلەپ كەتمىگىن . دۇنيا ئۆز ئىززىتىنى بىلمىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر تەمسىلدۇر . تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەتتۇر .

△ تەدبىر ، ئىرادە ، ئەتىگەن ـ كەچلەردە يول يۈرۈش ، تىرىشچانلىق ، جاپا چېكىش ، چارچاش ۋە خەتەرلەرگە ئۇچراش ، غەم ـ قايغۇ ، پىكىر قىلىش ، ئۇيقۇسىزلىق ، بىلىم ، مېھرىبانلىق ، نام چىقىرىش ، ئىبرەت كۆزى بىلەن بېقىش دېگەنلەر سەن مەھرۇم بولغان ھېچ نەرسىنى ساڭا ئەكېلىپ بېرەلمەيدۇ ، تەقدىر تۇسۇپ قويغان ھېچقانداق نەرسىنى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ ، ئەگەر قانائەت قىلساڭ ، خاتىرجەم ياشىيالايسەن ، نارازى بولساڭ ، دەۋر سەندىن ھەرگىزمۇ كەچۈرۈم سورىمايدۇ .

△ نەپەسلىرىڭدىن بىر سائەت ئۆتتى دېگەنلىك ، نەپسىڭدىن بىر پارچىسى ئۆتتى دېمەكتۇر . ۋاقتىڭدىن بىر سائەت ئۆتتى دېمەك ، ئۆمرۈڭنىڭ بىر پارچىسى ئۆتتى دېمەكتۇر .

△ مال ـ دۇنيا دېگەن مەي ، ئۇنى ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن ساپ ، ئۇلپەتلەر ئۈچۈن خالىي بولۇۋەرمەيدۇ . ئەگەر مال ـ دۇنيا ساڭا ئاۋارىچىلىك بولسا ، سەندىن قايتىپ كەتسە ، قىيىنچىلىق بولىدۇ . ئۇ سەندىن يۈز ئۆرۈشتىن ئاۋۋال سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋال . ئۇ سېنى شاللىۋېتىشتىن ئاۋۋال سەن ئۇنى شاللىۋەت . ئۇنىڭ ئەھۋالى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، باسقۇچلىرى داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋاپاسىز مەشۇقتا بېرىلگۈلۈك ، ھەممىنى دو تىككۈلۈك ئەمەس .

«ئۇنۋانۇل بايان» ناملىق ئەرەبچە كىتابتىن ئېلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى : **مەمتىمىن تۇرسۇن**

مۇھەررىرى : **يۇسۇپ ئىسھاق**

# ئىلى خەلق مۇڭ ـ زار قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىكى

قەلبىنۇر مۇھەممەد

بىز بۇ مەزكۇر ماقالىمىزدا ئىلى خەلق قوشاقلىرىدىكى ھېسسىيات قاتلىمىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق خەلق قەلبىدىن ئورتاق ئۇرغۇغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان پسىخىكىلىق ئېستېتىك ھېسسىيات ئامىللىرىنى تەھلىل قىلىمىز .

بىزگە مەلۇمكى ، ئىلى خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ، «كۆچ ـ كۆچ قوشىقى» ، «گۈلەمخان قوشىقى» ، «ئورما ناخشىسى» ، «مۇڭ ـ زار ھەققىدىكى قوشاقلار» كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ . شۇڭىمۇ بۇ قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ تا بۈگۈنگىچە كىشىلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە . يۇقىرىقى قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەن پسىخىك ھېسسىيات ئۆزىگە ماس كەلگەن ئاجايىپ رىتىمدارلىق بىلەن بىرلىشىپ قوشاقلارنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ خەلققە تەسەللى ۋە ئۈمىد بېغىشلىغان . قوشاقلارنىڭ بۇ خىلدىكى رولىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ .

رىتىمدارلىق قوشاقلارنىڭ بىر مۇھىم ئامىلى . مەيلى خۇشاللىقنى ئىپادىلىگەن قوشاقلار بولسۇن ياكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىپادىلىگەن قوشاقلار بولسۇن ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە خاس رىتىملىق شەكلى بولىدۇ . بۇ رىتىم ئەمەلىيەتتە ھېسسىياتنىڭ تاشقى شەكىلگە ئايلانغىنىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىنتايىن ماسلاشقان بولىدۇ . مۇھەببەت قوشاقلىرىدىكى ھېسسىيات رىتىمى ئىنتايىن يەڭگىل ۋە شوخ بولغىنىدەك ، قايغۇ ـ مۇڭ ، ھەسرەت ئىپادىلەنگەن قوشاقلاردىكى رىتىم ئەنە شۇ خىل ھېسسىيات بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدۇ . مەسىلەن : «كۆچ ـ كۆچ» قوشىقىغا قارىساق بۇ خىل قارىشىمىزمۇ روشەنلىككە ئىگە بولىدۇ .

كۆچ ـ كۆچ دېسە قورقىمىدۇ ،
كۆچۈپ يۈرمىگەن ئەللەر .
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر :

بىز ئىلىدىن چىققاندا ،
ئالتىنچى ئاي ياز ئىدى .
باشقا ئەلەم كەلگەندە ،
ئاتا ـ ئانا بولسىدى .

ئۇششاق باللار ئوينايدۇ ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ،
كۆچمەن باللار يىغلايدۇ ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ .

يەركەنتنىڭ يولى دەيدۇ ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش .

بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
نىكولايدۇر باغرى تاش.①

يۇقىرىقى قوشاقلاردا سۆزلەر ئىنتايىن ئاددىي ئەمما قاپىيىلىكلىكى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئىنتايىن تەبىئىيلىكى، بوغۇم سانلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى قوشاقنى كۈچلۈك رىتىمدارلىققا ئىگە قىلغان. بۇ رىتىمدارلىقنى دەل خەلقنىڭ يۈرەك باغرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان غەزەپ - نەپرەت، پىغانلىق يىغا ھەقىقىي جانغا كىرگۈزگەن. يەنى خەلق قەلبىدىكى ئىچكى پىسخىك ھېسسىيات ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىققاندا، ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا ئەنە شۇ سۆزلەرنى، ئەنە شۇ قاپىيىلەرنى، ئەنە شۇ باغلىنىشلارنى ھاسىل قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي كۆرۈنۈشنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا يورۇتۇپ بەرگەن. ئىلى خەلقى كۆچۈش جەريانىدا يۈرىكىنى لەختە - لەختە قىلىۋاتقان مۇڭلۇق ھېسسىياتنى سىرتقا ئىنتايىن رىتىمدارلىققا ئىگە مۇزىكىلىققا ئىگە قىلىپ، ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئاراملىق ۋە تەسەللى تاپقان. ئۇلار ئېيتقان يىغلىق ناخشىلىرى تا بۈگۈنگىچە تۇرمۇشىمىزدا ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتماي ئېستېتىك زوقىمىزنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا بىز بۇ خىل خەلق قوشاقلىرىدىكى رىتىمدارلىق بىلەن ئىچكى رىتىمنىڭ ھاسىل بولۇشىدا پىسخىك ھېسسىيات ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمىز ھەمدە سىرتقى دۇنيا ئامىللىرىغىلا مۇناسىۋەتلىك بولماي بەلكى يەنە ھېسسىياتقا، پىسخىك خاھىشقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، رىتىم كىشى ھېسسىياتىنىڭ سىرتقا ئىپادىلىنىپ چىقىشىدىكى بىر خىل شەكىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلەيمىز. مەسىلەن، «گۈلەمخان قوشىقى» نى كۆرۈپ باقايلى:

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپىكى
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

كىچىك قىزنى زورلاپ ئالسا،
ئۇۋال بولمامدۇ؟
گۈلەم خېنىم شۇ شاڭيوغا
زايە بولمامدۇ؟②

بۇ ئىلى قوشىقىدىكى رىتىم يەنە ئۆزىدىكى خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ناخشىدا گۈزەل قىزلىرىمىزنىڭ نەپسى يامان، نىجىس كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن ناپۇت قىلىنىپ كېتىلگەنلىكىگە بولغان كۈچلۈك ئېچىنىشى ۋە غەزەپ ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە يارقىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سوئاللارنىڭ بىر خىل تەكرارلىنىشى، 1 - مىسرانىڭ ئۇزۇن، 2 - مىسرانىڭ قىسقا ھەم سوئال جۈملىدە بولۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭسىز رېئاللىقنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، بۇ ئۆزگىچە شەكىلنى تېگىرقىغان ئىچكى ھېسسىيات بىلەن رىتىمنىڭ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ توغرىسىدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر پەيلاسوپىمىز ھەم ئېستېتىكا ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دېگەنىدى: «شېئىرىي رىتىملىق تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىيەتتىكى مەنتىقىلىق، شېئىرىي زوق قاتارلىقلارغا ئائىت بەدىئىي گۈزەللىك مەسىلىسى شېئىرىيەتتىكى مەنە ۋە شەكىل، ھېسسىيات ۋە ۋەزىن نۇقسانلىرىنى شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ...»③

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىلى خەلق قوشاقلىرىدىكى تەسەۋۋۇر كىشىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئىنتايىن ئەركىن تاللانغانلىقىدا ھەمدە مەنتىقىلىق كۆچۈرمىلەرنىڭ دەل جايىدا قوللانغانلىقىدا ئىپادىلەنگەن. بۇ تەسەۋۋۇر يەنىلا خەلقنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتتۇر. ھېسسىيات قانچىلىك چىن بولسا، تەسەۋۋۇرمۇ شۇنچە ئەركىن بولىدۇ.

قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدىم،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خەۋەردارىم يېتىپ كەلسە،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن.

ئۈستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسە لىغىلدايدۇ.
زالىم بەگلىرى كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

ساي بېشىدا ئولتۇرسام،
قۇرغۇي قوندى بېشىمغا.
مەن ئانامنى ياد ئېتىپ،
ئېتەك تولدى يېشىمغا.

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالا باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزىدىن ئاققان ياشىغا.

بۇ قوشاقلاردىكى مۇبالىغە تەسەۋۋۇرنى تېخىمۇ قانات قاققۇزۇپ، يوقسۇللۇق، دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن ئادەمدەك بەستى قالمىغان، كۆز ياشلىرى يۈز ـ كۆزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئىلى ئوغلانلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

تۆۋەندىكى قوشاقلاردىكى مەنتىقىلىق كۆچۈرمىلەرمۇ كۈچلۈك تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، شېئىرنى ئىنتايىن ھېسسىياتلىق تۈسكە كىرگۈزگەن. شۇڭمۇ بۇ قوشاقلار كۈچلۈك تەسىر كۈچكە ۋە مۇزىكىلىقىقا ئىگە بولغان. بۇ قوشاقلاردا شېئىرنىڭ ھېسسىي سىغىمچانلىقى ئاشقان. بۇنىڭ بىلەن تەسىر قوزغاش دائىرىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا تەسەۋۋۇر چىنلىق بىلەن بىرلىشىپ ھەربىر قوشاقنى بىر پارچە سۈرەتتەك قىلىپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

پىلىچىگە چىقىپ بىز،
خاڭدا كۆمۈر كولىدۇق.
خاڭدا كۆمۈر ئۆرۈلسە،
بارمۇ سەن، دەپ توۋلىدۇق.

بۇ قوشاقتا ئورتاق تەقدىر خەلقنى ئاجايىپ ئىجىل قىلغانلىقى ھەمدە كۈنلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خەتەردە ئۆتىدىغانلىقىنى بىر پارچە سۈرەتتەك چىن ھېسسىيات بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىغان. دېمەك قوشاقلاردىكى رىتىمدارلىق بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە ياردەمدە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىري ئوبراز يارىتىشقا ياردەم بەرگەن ھەمدە ئەينى دەۋرنىڭ تەسىرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى چۈشەندۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينىغان. شۇنداقلا ئېستېتىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتتىن ئېيتقاندا، زوقلانغۇچى بىلەن زوقلاندۇرغۇچىنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، گۈزەللىكتە ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا:

ئىلىدىن چىققان يىگىت،
تونى بار تۈگمىسى يوق.
بېشىغا گۈل قىسىپتۇ،

گۈلى بار، غۇنچىسى يوق .

مانا بۇ قوشاقتىكى ستېرېئولوق ئالاھىدىلىكى قوشاقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن . بۇ دەل خەلق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىياتنىڭ تاشقى دۇنيادا چىنلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت . يەنى بۇ قوشاقنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا كۆچمەنلىك تەقدىرىدىن ئۆز سۆيگۈنىدىن ئايرىلغان كۆچمەن بىر يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ . بۇ يىگىتنىڭ سۆيگۈسىز قالغان تەقدىرىمۇ پەقەت بالا قۇلىقىغا قىسقان گۈلنى تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا نامايان قىلىنغان .

ئومۇمەن ئېلى خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى مۇڭ - زار قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق نەتىجىسى كىشىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ . بەزى كىشىلىرىمىز مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئىنتايىن يۇقىرى باھالاپ، مۇڭ - زار قوشاقلىرى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ ، قايغۇ قانداقمۇ كىشىنى شادلاندۇرىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدى . ئەمما قانداق ھېسسىياتتىكى قوشاقلار بولسۇن ، بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلانغان بولسا ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىن ھەقىقىي سۈرەتلىگەن بولسا ، پۈتكۈل خەلقنىڭ پىسخىك ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىلا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى يەنىلا بىباھادۇر .

ئىزاھاتلار :

①② «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1980 - يىل نەشرى ، 55 - ۋە 62 - بەت .

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «قاتلاملىق ئېستېتىكا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 - يىل نەشرى 282 - بەت .

مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى


## «تۇرپان» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ !

«تۇرپان» ژۇرنىلى سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىز ھەم سىرداشىڭىز بولۇپ كەلدى . تەھرىر بۆلۈمىمىز سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ ۋە مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزغا رەھمەت ئېيتىدۇ . ھازىر ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001 - يىللىق سانلىرىغا تەۋەيىڭىزدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ . مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ !

«تۇرپان» ژۇرنىلى پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ ، ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ . ھەر ساننىڭ باھاسى : 4.00 يۈەن . يېرىم يىللىقى 8.00 يۈەن . بىر يىللىقى 16.00 يۈەن ، پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 40 - 58 . خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN 1006 - 3803 . مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى : 1 ، 1042 - CN65

«تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ماناس

(قىرغىز خەلق ئېپوسى)

تەھرىر ئىلاۋىسى:

قىرغىزلارنىڭ زور ھەجىملىك تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس» دۇنيادىكى «ئىللادا»، «ئودىسسا»، «جاڭغىر» «گىسسىر» قاتارلىق مەشھۇر ئېپوسلار بىلەن بىر قاتاردا يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە. ئېيتىلىشىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى بولۇپ، «يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتى» ئەڭ تولۇق نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. 232165 مىسرادىن تەركىب تاپقان «يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتى» قايتا - قايتا رەتلىنىش ئارقىلىق «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن سەككىز بۆلۈم، ئون سەككىز توم قىلىپ نەشر قىلىندى. 1995 - يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» جۇڭگو «ماناس» تەتقىقات جەمئىيىتى يېتەكچىلىكىدە يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتى بويىچە تۈزۈلگەن نەسرىي نۇسخىنى بىر توم قىلىپ نەشر قىلدى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ «ماناس» ھەققىدىكى بىلىشى ۋاستىلىك چۈشەنچىدىنلا ئىبارەت. يەنى بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاش ۋە بۇ توغرۇلۇق ئانچە - مۇنچە يازغانلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. «ماناس» ئېپوسىنىڭ بەدىئىي سۈپەت، تارىخىي قىممەت ئەھۋالىنى ھەقىقىي بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

شۇ سەۋەبكە مۇۋاپىق، تەھرىر بۆلۈمىمىز «ماناس» ئېپوسىنىڭ «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995 - يىلى نەشر قىلغان «يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتى» بويىچە تۈزۈلگەن نەسرىي نۇسخىسىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

## قىرغىزلارنىڭ كۆچىشى

بۇرۇنقى زاماندا، شەرقىي شىمال تەرەپتە تۇپرىقى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك، يايلاقلىرى بولۇق، ئەنەساي دېگەن يەر بولۇپ دېھقانچىلىق قىلسا ئوخشايتتى. ئامبارلار ئاشلىق بىلەن تولغان بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلار ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. بۇ يەردە باي - كەمبەغەل دېگەن گەپ يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاشلىقلىرى قازناقلارغا، تۈرلۈك ماللىرى يايلاقلارغا پاتمايتتى. كەمپىر - چاللىرى گۆش - ياغقا قارىمايتتى، كېلىن - قىزلىرى قايماق يۇقى قوللىرىنى يالىمايتتى، ياغ، قىمىز، قېتىقلار تۈڭلۈكىدىن كىرىپ ئىشىكىدىن ئېقىپ چىقاتتى. ھەتتا ئىتلىرىمۇ قالدى - قاتتى كونا گۆشلەرنى يېمەيتتى. ئاشۇ ئەنەسەي (ئاناساي) خەلقىنى باشقۇرغان قال ماماي دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خان ئاتال-

غاندا خال ماماي دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا خان ماماي ئاتالغاندى . خان ماماي كېيىنچە تۇرىدىغان ، خەلقىگە كۆڭۈل بۆلۈدىغان ، ئادىللىقى بىلەن ئەتراپقا تونۇلغان خان ئىدى . ئۇ ھەم باتۇر كىشى بولۇپ ، يات دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدا غىڭ قىلالمايتتى . ئۇ ئەلنى ياتلارغا بوزەك قىلدۇرماي ياخشى باشقۇرۇپ قىرىق يىل سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان . شۇ چاغدا خان ماماي ئۆز خەلقىنى «قىرىق تەرەپتىن يىغىلىپ ، قىرىق ئۇرۇق بولدۇڭ» دەپ ئۆز خەلقىگە «قىرىق ئۇرۇق» دەپ نام بەرگەنىدى . خان ماماينىڭ بەش ئايالى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇغمىدى . كېيىن كۆپ بالىلىق بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندە ، خان ئۇ ئايالنى ئەمرىگە ئالدى . ئۇ ئايال بىر ئوغۇل تۇغدى ، ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇدۇنە قويدى . بۇدۇنە بەك چىرايلىق ، نۇرلۇق بالا بولۇپ ، توققۇز ياشقا كىرگەندە خان ماماي ئالەمدىن ئۆتتى . خان ماماينى يەرلىكىگە قويغاندىن كېيىن ئەل ئاقساقاللىرى يىغىلىپ كېڭەش قىلدى . شۇ چاغدا جالتايۋاس دېگەن چېچەن ئادەم :

— خان ماماي ھايات چاغدا ، بىزنىڭ قىرىق ئۇرۇق خەلق ياتلارغا قىل ئۆتكۈزمەي باي - باياشات ياشاپ كەلدۇق . خان ماماي : «قىرىق ئۇرۇق خەلقىم كۆپىيىپ قىرىق يۈز ئۇرۇق بولدۇڭلار ، قىرىق ئۇرۇقنى ، قىرىق يۈز دېگۈچە قىرغىز دەپ ئاتايلى» دېگەنلىكتىن بىزگە «قىرغىز» دېگەن نام قالدى .

«ئاتىسى باتۇر بولسا ،
بالىسى پەھلىۋان بولۇر .» دېگەن گەپ بار . بۇدۇنەنى سەركە قىلىپ سايلايلى ، — دېدى . تايۋاس دېگەن ئادەممۇ جالتايۋاسنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا :

— خان ماماي دۈشمەنگە كېپەك ئالدۇرماي ، مىنگەن ئېتىنى يېغىر قىلماي ، بىرەرىگە گۇناھسىز قامچا ئۇرماي ، ياكى تىل تەگكۈزمەي خەلقنى بىر يوسۇندا باشقۇرۇپ ئۆتتى . مۇشۇنداق كىشىنىڭ بالىسىدىن خانلىق تالىشىش بىر ئەخمەقلىق ، — دېدى . قالغان خەلق ئۇلارنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ بۇدۇنەنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان قىلدى .

بۇدۇنە خانلىق يۈرگۈزگەن چاغدا قىرغىزلار بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ باياشات ياشاپ ئۆتتى . ئۇنىڭدىن بۆتەي دېگەن بالا تۇغۇلدى . بۇدۇنە قانچە يىل خان بولدى ، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بالىسى بۆتەي خان بولدى . لېكىن بۆتەي ئۆز ئېلىگە ئىگە بولالماي ، قىرغىزنى توزۇتىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئون بەش ئاتا ئۆتكۈچە قىرغىزلار باش كۆتۈرەلمىدى ، خار بولدى .

ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندە ئاددىن قىرغىزلارنىڭ تەلىيى كەلدى ، ئۇلار ئۆلىمالاردىن ئاڭلاپ ، ئۇلۇغلاردىن سوراپ ، بۇدۇنەنىڭ پۇشتى بۆيەن دېگەن بالىنى تېپىپ خان قىلىپ كۆتۈردى . شۇنداق قىلىپ ، بۆيەن خاندىن چايان خان ، چايان خاندىن قاراخان تۇغۇلدى . قاراخاندىن ئون ئوغۇل تۇغۇلدى . ئۇلارنىڭ ئونىنچىسى ئوروزدۇ ئىدى . ئوروزدۇنىڭ ۋاقتىدا ئەنەسەيدە ياشىغان خەلقلەر توقسان مىڭ تۈتۈنگە يېتىپ ئۇلارغا ئالەمنى سورىغان چىڭقىش خاننىڭمۇ كۆچى يەتمەي ، ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتى .

ئوروزدۇنىڭ ئون ئوغلى بولدى . ئۇنىڭ ئەڭ چوڭى ياقۇپ ئىدى ، ئوروزدۇ ئۆلگەندىن كېيىن قىرغىزلار يەنە خار بولدى . قاراختاي ، مانجۇلار ... بولۇپمۇ موڭغۇللار قىرغىزغا بەكلا دۈشمەنلىك قىلدى . قاڭغاي خەلقىدىن چىققان ، نارىننى ئىگىلەپ تۇرغان ئالوكې دېگەننىڭ قىرغىزغا سالغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى

چىكىدىن ئاشتى .
قىرغىزلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرى-
سىدا يەنە مۇنداق رىۋايەتلەر بار : ئوغۇز-
خاندىن كۆپەيگەن ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى
بۇزۇلماي خان بولۇپ كەلگەنىدى . ئا-
شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى قالاش خان بو-
لۇپ ، ئۇ ئۆزى كېلىشكەن ، نۇرانە يۈزلۈك
ئادەم بولغانلىقتىن ، ئەل ئىچىدىكى چوقۇر
ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي يوقاتتى .
قالاش خاندىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى . بالا
تۆت ياشقا كىرگەندە چېچەك چىقىپ چوقۇر
بولۇپ قالدى . ئۆز بالىسىنىڭ چوقۇر چى-
قىپ قېلىشىنى ئويلىماي پۈتكۈل چوقۇر-
لارنى يوقاتقان قالاش خان ئۆز بالىسىنمۇ
يوقاتماقچى بولۇپ ، ۋەزىر ـ بەگلىرىنى
يىغىپ كېڭەش قىلدى . شۇ چاغدا بىر ۋە-
زىر بالىنى كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرگەندە خان-
نىڭ چىدىماي قېلىشىنى ئېيتىپ ، ئۇنى
خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈشنى
ئىلتىماس قىلدى . خان قوشۇلدى . ۋەزىر
خانغا ئۇقتۇرماي شاھزادىگە بىر توپ ئو-
غۇل ـ قىزلارنى قوشۇپ بىر خالىي تاغقا
ئېلىپ چىقتى ۋە بالىلارغا :
ــ ئەل ـ يۇرتقا بارماي ، مۇشۇ خا-
لىي جايدا ياشاڭلار ، ــ دېدى ۋە شاھزا ـ
دىگە ، ــ سېنىڭ ئىسمىڭ «قىركەز»
بولسۇن ، ــ دەپ ، ئۇلارنى شۇ يەردە قو-
يۇپ كەتتى . بۇ ئوغۇل ـ قىزلار ئۆزئارا
جۈپلىشىپ ، ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپ ، با-
لىلىق بولدى . قالاش خاننىڭ بالىسىدىن
تۇغۇلغان ئوغۇل بالىغا بۆيۈن دەپ ئىسىم
قويدى . شۇ بۆيۈندىن چايان ، چاياندىن قارا
خان تۇغۇلۇپ ، قاراخاندىن «قىركەز» ئا-
تالغان ئەلنىڭ ئەۋلادى كۆپەيگەنمىش .

ئورۇزدۇ خان بولغان مەزگىلدە خەلق
باياشاتلىققا چۆمۈپ ، ئۇرۇق ـ نەسلى كۆپ-
لەپ كۆپىيىپ 90 مىڭ ئۆيلۈككە يەتتى .
ئورۇزدۇ باتۇر بەش ئۇرۇقتىن بەش خوتۇن
ئالدى . خەلق ئىچىدە ئورۇزدۇخاننىڭ بەش
ئايىمى دەپ نامى قالدى . ئورۇزدۇنىڭ بەش
ئايالىدىن ئون ئوغۇل تۇغۇلدى .

چوڭ خوتۇنىدىن ياقۇپ بىلەن شىغاي-
خان ، ئىككىنچى خوتۇنىدىن قاتاغان بى-
لەن قاتقالاڭ ، ئۈچىنچى خوتۇنىدىن ئاق-
پالتا بىلەن يامغۇرچى ، تۆتىنچى خوتۇنى-
دىن خاسىيەت بىلەن قالقاخان ، كىچىك
خوتۇنىدىن قىزىلتاي بىلەن تىكچى دېگەن
بالىلار قالدى .

ئورۇزدۇخان كېزىك كېسىلى بىلەن
ئاغرىپ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغۇل-
لىرى بىرلىشەلمەي ، قالماقلارغا قاتتىق-
راق گەپ قىلالماي ھەر تەرەپكە پىتىراپ
كەتتى . شۇنىڭ بىلەن قىرغىز دېگەن ئاتلا
قالدى . ئورۇزدۇخان مەزگىلىدە قىرغىز-
نىڭ قولەتەن ، ئېلامان ، كەندىر باي ، ئالا-
كې ، قوچقور ، كۆرەڭكە ، قىپچاق باي ،
ئادى باي ، كۆل باي ، تاش باي قاتارلىق
ئون داڭلىق باي بار ئىدى . ئادى باي
كۆل باي ، تاش بايلار قالماقنىڭ تالان ـ
تاراجىدىن قېچىپ يىگىرمە مىڭ ئۆيلۈك
كىشى بىلەن بۇخاراغا كۆچۈپ كەتتى .
موڭغۇللار ئورۇزدۇنىڭ ئون ئوغلىنى ئونغا
بۆلمەكچى بولغاندا ، خاسىيەت بىلەن قالقا
خانۋەيران بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئال-
دىن تەييارلىق قىلىپ ئوتتۇز مىڭ ئۆيلۈك
بىلەن موڭغۇلغا كۆچۈپ بېرىپ قوشنا بول-
دى . ئۇلارغا ئالبان ، قىزاي دېگەن قالماق
باش بولۇۋالدى . خاسىيەت بىلەن قالقا تۇ-
غۇلغان بالىلىرىغا ئاشۇ ئىككى قالماقنىڭ
ئىسمىنى قويدى . نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەۋلاد-
لىرى ئالبان ، قىزاي ئاتىلىپ قالدى ، بارا ـ
بارا خاسىيەتتىن ئالبان كۆپەيدى ، كۆكۆ-

تەي خان ئاشۇ ئالبانلاردىن ئىكەن. قالقادىن قىزاي كۆپىيىپ، قىزايدىن قىزالاق، قىزالاقتىن باتۇر ئۆربە تۇغۇلدى، «قازاق» دېگەن قالماقچە «يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، خاسىيەت بىلەن قالقادىن كۆپەيگەن خەلق قازاق ئاتىلىپ قالغانىكەن.

موڭغۇللار ئۇرۇزدۇنىڭ قالغان بالىلىرىنى ئۆز ماكانلىرىغا ئىگە قىلماي بەزىلىرىنى موڭغۇللارنىڭ بايلىرىغا، بەزىلىرىنى چوڭلىرىغا بېرىۋەتتى. موڭغۇل ئېلىنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق نوغاي دېگەن ئاتاقلىق باي بولۇپ، ئۇ بالغاتنى ماكان تۇتقانىكەن. ئۇرۇزدۇنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇپنى توققۇز مىڭ ئۆيلۈك بىلەن كۆچۈرۈپ نوغاي بايغا بەردى. ئۇلار نوغاي باينىڭ پۇقرالىرى ئاتىلىپ، كېيىنچە ياقۇپنىڭ ئېلى نوغاي قىرغىزى دەپ ئاتىلىپ قالدى. يامغۇرچى بىلەن ئاقپالتا بەستىلىك، دىۋىدەك كۈچلۈك بولغانلىقتىن، موڭغۇللار بۇلارنى بۆلۈۋەتمىسەك بولمايدۇ، دەپ قاراپ پالتا باتۇرنىڭ بارلىق ئېلىنى ئالتاينىڭ ئاق چامبىل دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ، موڭغۇلنىڭ نويغۇت دېگەن دىۋىدەك باتۇرىنى قوشنا قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن پالتىنىڭ نامى ئۆچۈپ ئۇنىڭ ئېلى نويغۇت ئاتىلىپ قالدى. قاتاغان بىلەن قاتقالاڭ بۇرۇندىنلا ئات ئوينىتىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاچقا، موڭغۇللار ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۇلار باشقا تەرەپكە كۆچۈرۈلمىگەنلىكتىن «قالدى قىرغىز» ئاتىلىپ قالدى، كېيىنچە «قارا قىرغىز»غا ئۆزگەردى. قاتقالاڭدىن قاراچا تۇغۇلدى، ئۇ ئازغىنا قىرغىزغا خان بولۇپ، ئۇنىڭدىن سايقال دېگەن يالغۇز قىز تۇغۇلدى. موڭغۇللار قاراچانى كۆچۈرۈپ تەتۇر سۇنىڭ بويىدىكى ئارالغا ئاپىرىپ قويدى. قاراچا ئۆلۈپ كەتكەچكە قىز سايقال قاتقالاڭنىڭ سايقالى ئاتىلىپ قالدى. يامغۇرچى بىلەن شىغاينى سۈرگۈن قىلىپ سەمەرقەندىكى ئېشتەك دېگەن قالماق بېيىنىڭ پەرمانىغا بەرگەچكە ئېشتەكنىڭ يامغۇرچىسى ئاتىلىپ قالدى. قىزىل تاينى قىرغىزلاردىن ئايرىپ قىيناپ كۆچۈرۈپ، تاجىكلارغا قوشۇۋەتتى. تاجىك بىلەن قىرغىزنى باشقۇرغۇچى قىپچاق دېگەن قالماق بولغاچقا قىزىل تاينىڭ خەلقى قىپچاق قىرغىزى ئاتىلىپ قالدى. تېكىچىدىن ئەۋلاد قالمىدى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇللار ئۇرۇزدۇنىڭ ئون ئوغلىنى ھەر تەرەپكە كۆچۈرۈپ سۈرۈۋەتتى.

## ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى

ياقۇپنىڭ چارۋا ـ ماللىرى ئاۋۇپ، ئۆزىگە خانلىق قىلغان نوغايغا ئات، تون بېرىپ، خۇشامەت قىلىپ قالماقنىڭ ياخشى قوشنىسى بولۇپ قالدى. يامغۇرچى بىلەن ئاقپالتانىڭ ئىككىسى دىۋىدەك كۈچلۈك ئىدى. ھەر ئىككىلىسى «ئىستىرلاپ» دېگەن قىزىل كىتابقا قاراپ: «قىرغىزدىن ماناس چىقىدۇ، قالماقلا ئەمەس، قاڭغايدىكى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادلىرىنى، خىتاي قاتارلىق ئەتراپتىكى كۈچلەرنى بويسۇندۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى كۆردى.

شۇ دەۋردە كۈن پېتىش تەرەپ سارارقا دېگەن يەردە قالماقلارنىڭ شورۇق دېگەن خانى تۇرىدىكەن. شۇ چاغدا كۆك ئويداڭدا دۆلەزخان، كۆك تۆي خان، ئارانىكتە دىۋەخان، سوقسو، سوتوي دېگەنلەر تۇراتتى. قالماق خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىچىدە «ئىس-

تىرلاپ »نى ئوقۇپ ئۇنىڭغا مەنە ئېيتالايدى-
غانلار بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىراڭگۇتۇك
دېگەن موللىسى ، ئەلەنقىر دېگەن رەمچى-
سى ، جاڭغىر دېگەن دۇلاچىسى (ھايۋانلار-
نى سويۇپ سۆڭىكىگە قاراپ بېشارەت ئېي-
تىدۇ ) بار ئىدى . ئىراڭگۇتۇك بىلەن ئە-
لەنقىر بىرقانچە يىلدا بىر قېتىمدىن چىڭ-
غىشخانغا كېلىپ ، ئۈچ يىلدىن كېيىن بو-
لىدىغان ئىشتىن بېشارەت بېرىپ ، خاندىن
ئات ، تون ئىنئام ئالاتتى .

كۆپ چاغدا نارىندا تۇرغان ئالوكا بى-
لەن ئىراڭگۇتۇك بىر كۈنى ئۆزلىرىدىن
ئامەت قېچىپ قاڭغايغا قاراپ كۆچىدىغانلى-
قىنى ، ئالوكىنىڭ ئوغلى قوڭۇر باينىڭ
بېيجىن شەھىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ،
قايسى قىرغىزلاردىن تۇغۇلىدىغانلىقى ئې-
نىق بولمىسىمۇ ، ئۇلاردىن بىر باتۇر تۇ-
غۇلۇپ ، قالماق ھەم خىتاينى تولۇق بوي-
سۇندۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى . ئا-
لوكې خان بۇ خەۋەرنى چىڭغىشخانغا يەت-
كۈزدى . چىڭغىشخان جاڭغىرنى چاقىرتىپ
كېلىپ بۇ ئەھۋالنى سورىغاندا ئۇمۇ بۇ
بېشارەتنىڭ راستلىقىنى ئېيتتى . ئەمما ئۇ
باتۇرنىڭ كىمدىن تۇغۇلۇشىنى ئېنىق دې-
يەلمىدى . چىڭغىش بۇ خەۋەرنى كۆڭلىدە
ساقلىدى . ئەشەددىي زالىم ، تاش يۈرەك
ئالوكى سارارقا ، نارىن ، بالغارت ، كۆتۇ-
لوكلەردىكى قىرغىز ئاياللىرىنىڭ ھەممى-
سىنى ھەيدىتىپ كېلىپ بىرلا كۈندە بەش
مىڭ خوتۇننىڭ بالىياتقۇسىنى سۇغۇرۇپ
ئالدى . ياقۇپ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان قارا
نوغاي دېگەن ئادەمنىڭ ئايالى ئېغىرئاياغ
بولۇپ قالغاندا ، «يارا چىقىپ قالدى» دەپ
قورسىقىغا تېرە تارتىپ قويۇپ قاراڭغۇدا
قامىلغا قېچىپ كەتكەنىدى . ئالوكى تې-
خىمۇ ئەسەبىيلىشىپ قىرغىزلارنىڭ بار-
لىق ئېغىرئاياغ ئاياللىرىنى يىغدۇرۇپ ،
قورسىقىنى يارغۇزۇۋەتتى . قىرغىزدىن
باشقا ئەلنىڭ ئاياللىرىغا تەگمىدى .

بۇ ئەھۋالنى توسۇشقا ئامال قىلالمى-
غان قىرغىز ئاقساقاللىرى ئالوكىغا كېيى-
نى ئۆتكۈزەلمەي چىڭغىشخانغا ئات ، تون ،
تۆگە ، پۇل - مال ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى
سوۋغا قىلىپ ، توقساندەك ئادەم ئەرزگە
باردى . چىڭغىش ئىراڭگۇتۇك بىلەن جاڭ-
غىرنى چاقىرتىپ ، قىرغىزدىن تۇغۇلىدى-
غان باتۇرنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سورىغا-
نىدى ، ئۇلار يەنىلا ئوچۇق ئېيتىپ بېرەل-
مىدى . ئەمما ئېراڭگۇتۇك تۇغۇلىدىغان با-
لىنىڭ بىر قولىدا قان ، بىر قولىدا ماي ،
ئوڭ ئالىقىنىدا «ماناس» دېگەن ئىسمىنىڭ
بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . چىڭغىش بۇنى
ئاڭلاپ ، ئالوكا ، شورۇق ، دۆلۆز ، سوق-
سو ، سوتوي ، دېۋە خانلارغا يارلىق چۈشۈ-
رۈپ قىرغىزلارنى ئايرىم تۇرغۇزماي ، بەش
ئائىلىنى بىر ئۆيلۈك قىلىپ ، ئۇنىڭغا
بىردىن پايلاقچى قويۇپ ، قايسى ئۆيدە بالا
تۇغۇلسا ئىراڭگۇتۇك ئېيتقان بەلگە بويىچە
ماناسنى تېپىشنى تاپشۇردى .

قالماقلار بالفارتتىن كۈنەسكە كۆچۈپ
بارغان ياقۇپنىقۇۋباش[1] دەپ مازاق قىلات-
تى . بۇ گەپتىن تېرىككەن ياقۇپ ئۆلىما-
لاردىن «خوتۇنۇڭنىڭ يۈك - تاقلىرىنى
بۇرنى پۇچۇق قارا كالىغا ئارتىپ ، كونا
قارا كىگىز ئۆي تىكىپ خىلۋەت توقايلىقتا
ئاپىرىپ تاشلىۋەتسەڭ ، ھار كېلىپ تۇغۇ-
شى مۇمكىن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ،
چېئىردىنى كۈنەسىنىڭ خىلۋەت قېلىن تو-
قايلىقتا ئېلىپ بېرىپ گۆش ، نان ، توقاچ ،
قېتىق قاتارلىق ئوزۇقلۇق قالدۇرۇپ تاش-

---

① قۇۋباش — ئوغۇل يۈزى كۆرمىگەن ئەر .

لاپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىپىردى ئۇخلاپ چۈش كۆردى. چۈشىدە ياقۇپ بىلەن بىللە بولدى. ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىپ ئويغىنىپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بويىنى پاكلاپ ياقۇپنى كېلەمدىكىن دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى، دېگەندەكلا ئۇ كەلدى. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا: «ھەر قېتىم ئايالىڭنىڭ قېشىغا بارغاندا قاپىقىڭنى ئاچماي قەھرلىنىپ تۇرغىن، ئايالىڭ ھامىلدار بولىدىغان چاغدا چىرايى نۇرلىنىپ كېتىدۇ.» دېگەنىكەن. ياقۇپ قارىسا ئايالى چېچىنى تاراپ، چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ياقۇپ ئايالىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئايالىنى ئاۋۇلغا كۆچۈرۈپ كەلدى. شۇ يىلى چىپىردى ھامىلدار بولدى. ئۇ ھامىلدار ۋاقتىدا شۇنداق نازاكەتلىك بولۇپ كەتتى. چىپىردىنىڭ تىنچ - ئامان يەڭگىۋېلىشى ئۈچۈن ياقۇپ پايپېتەك بولۇپ، پايلاقچى ياساۋۇللارغا مال، كوزا - كوزىلاپ قىمىزدىن ئىچىتقان ھاراق بېرىپ: «كۆنەسىنىڭ يېرى تار، چارۋا - مال ئاۋۇتۇشقا ئەپسىز ئىكەن. ئاقتوقايغا كۆچۈپ بارسام» دەپ يېلىنىپ رۇخسەت ئېلىپ ئاقتوقايغا كۆچۈپ كەلدى. ياقۇپ ئاقتوقايغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن مال - چارۋىلىرى بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، باي بولۇپ كەتتى.

چىپىردى ئون تۆت يېشىدا ئاقپالتا ئولجا ئالغان قىز بولۇپ، ئۇنى چوڭ ئاكىسى ياقۇپقا بەرگەنىدى. شۇڭا چىپىردى ئاقپالتىنى ئاتاق ئاكا دەپ ئاتايدىكەن. ئاخىر ياقۇپنىڭ ئايالى قىز تۇغدى. ئىسمىنى قارلىغاچ قويدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ياقۇپ ئايالىم ئوغۇل تۇغسا ئىدىنى باسسا دەپ ئۈمىد كۈتۈپ چىپىردىنى بۇرۇنقىدەك خىلۋەت توقايلىققا ئاپىرىپ قويدى. ئون بەش كۈندىن كېيىن ئۇلارغا قوشنا ئۆزبېك تۇل ئايالنىڭ بالىسىنى چىپىردىغا ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ بالىغا توقايلىقتا قىرىق بالا ئۇچرىدى، ئاشۇ كۈنى قۇش ئۇچۇرۇپ، قاپقان - تۇزاق قۇرۇپ يۈرگەن باشقا بالىلارمۇ بۇ قىرىق بالىنى كۆردى. ھېلىقى بالا ياقۇپقا كۆرگەنلىرىنى ئېيتتى. ياقۇپ توقايلىققا كېلىپ بۇ بالىلارنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇ ئۇچۇق كۆرەلمەي تۇرغاندا ئالدىدىن ئادىلبەگ دېگەن كىشى چىقىپ:

— ياقۇپ، سەن ئوغلۇڭنى بىزدىن يوشۇرۇپسەن، ئالدىمغا قىرىق بالا ئۇچرىدى. ئۇلار قىرىق بۇغىنى مۈڭگۈزىدىن باغلىۋاپتۇ. مەن ئۇلاردىن سورىسام، قىزىل چىراي بالا يېنىدىكى بالىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىسمى ماناس، ئۇ ياقۇپنىڭ ئوغلى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ قىرىق يىگىتى بولىمىز، دېدى. ئۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ، يېشىمنى سۈرتۈپلا، قارىسام بالىلار غايىب بولدى — دېدى.

ئوغۇل بالام يوق، قۇۋباش بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ يۈرگەن ياقۇپ ئادىلبەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قامچا ئۇرماقچى بولۇپ توختاپ قالدى. چۈنكى ئادىلبەگ بىلەن يېتىم بالىنىڭ سۆزى ئوخشاش ئىدى. ياقۇپ بۇنى قالماقلار ئاڭلاپ قالسا قان چىقارماي ئۆلتۈرىدۇ، ئادىلبەگ چوڭ ئادەم، باشقىلارغا ئاشكارىلىماس، لېكىن ھېلىقى بالا چاتاق، دەپ بالىنى توقايغا ئالداپ ئېلىپ بېرىپ ئىنتايىن شاش بىر ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

يېتىم بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمى ماغدىم بولۇپ، ئوتتۇزلارغا كىرىپ قالغان

ئايال ئىدى . ياقۇپ ئۇنى چاقىرتىپ كې-
لىپ ، بالىسىنىڭ تۆگىلەرنى توسايمەن ،
دەپ شاش ئاتقا سۆرىلىپ ئۆلگەنلىكىنى
ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ خۇنىنى تۆ-
لەپ بەرمەكچى بولدى . ئەمما ماغدىم يىغ-
لاپ ئۈنىمىدى . ياقۇپ ئادىلنىڭ مەسلىھە-
تىچە ماغدىمنى نىكاھىغا ئېلىپ بالىسىنىڭ
خۇنىنى تەلەپ قىلماسلىققا كۆندۈردى .
ماغدىمدىن سەرەك بىلەن سىرغاق دېگەن
قوشكېزەك تۇغۇلدى .

ياقۇپ ھەرقانچە قىلسىمۇ «ياقۇپنىڭ
بالىسى ماناسنى كۆردۈق» دېگەن گەپ ـ
سۆز پۈتۈن مەھەللىگە تارقاپ كەتتى . يا-
قۇپ چوڭ ئايالى چېئىردىنى كۆچۈرۈپ
سىرتتىكى سۆز ـ چۆچەكلەرنى بېسىقتۇ-
رۇش مەقسىتىدە مەھەللىدىكى ئاقساقاللار-
نى ئۆيىگە چاقىرىپ ، ئاق سېرىق باش قوي-
دىن بىرنى سويۇپ ، ئادىلبەگنى «ماناس
دېگەن بالاڭنى يوشۇرۇپسەن دەپ يالغان
ئېيتىپ مېنى مەسخىرە قىلدىڭ ، ئوغلى
يوق كىشى مۇشۇنداق ئاھانەتكە قالامدۇ»
دەپ ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانجىۋالدى . ئەم-
ما ئادىلبەگ كۆرگەنلىرىنىڭ راست ئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . مۆتىۋەرلەر
ھەيران بولۇشۇپ ، «ئاق توقاي ، بىزگە
مەدەت بېرىڭ» دەپ دۇئا قىلىپ تارقىلىپ
كەتتى ، قالماقلارنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن
قورقۇپ ھېچكىم ئۈندىمىدى .

چېئىردى ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ
قالغانلىقىنى ئۈچ ئاي بولغاندا بىلدى . ئۇ
سۇمۇرغىنىڭ كۆزى ، يولۋاسنىڭ يۈرىكى-
گە ، شىرنىڭ تىلىغا سېزىك بولغانلىقىنى
ئېيتتى . بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپ يولۋاس بى-
لەن شىرنى ئاقتوقاي بىلەن چاغانتوقاينىڭ
مەرگەنلىرىگە پۇل بەرسە تاپقىلى بولىدى-
غانلىقىنى ئويلاپ ، سۇمۇرغ قۇشنى قانداق
تېپىش توغرىسىدا ئادىلبەگ بىلەن مەسلى-
ھەتلەشتى . ئادىلبەگ بۇ خەۋەرنى پالتىغا
ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئامال تاپماقچى بول-
دى . بۇنى ئاڭلىغان پالتا ، كەمپىرنىڭ يې-
نىدا ساقلىغان خالتىنى ئالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ
ئىچىدىن مۇشتۇمچىلىك بىر توگۇنچەكنى
قوينىغا تىقىۋېلىپ ، ياقۇپنىڭ ئۆيىگە كەل-
دى . پالتا ، ياقۇپ ، ئادىلبەگ ، قىپچاق
باي تۆتى چېئىردىنىڭ يېنىغا كىرىپ ، پاي-
لاقچى ياساۋۇللاردىن پىنھان مەسلىھە-
لەشتى . پالتا مۇنداق دېدۇ :

— ياقۇپ ، سېنىڭ مال ـ چارۋاڭ ،
پاتماي قالدى . ئوغلۇڭ بولمىسا بۇ مال
چارۋاڭغا كىم ئىگە بولىدۇ ؟ مال ـ پۇلۇڭ-
نى قىلچە ئايىماي ، يولۋاس تۇتۇپ بەرگەن-
لەرگە جابدۇقلۇق تۆگە ، ئات بەر ، شىر
ئاتقانغا يۈز قوي ، قىرىق ئات ، بۆلارنىڭ
قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن ئۇندىن سېپىر
بەر ، — دېدى . نىھايەت بەش يۈزگە يې-
قىن ئادەم توقايلىققا بېرىپ تۈرلۈك ھاي-
ۋانلارنى ئوۋلىدى . پالتا يولۋاس بىلەن
شىرنىلا ئېلىپ ئاۋۇلغا قايتتى . ياقۇپنىڭ
مال ـ چارۋىلىرىغا قانچە ئىچى ئېچىشىس-
مۇ ، ئامالسىز پالتىنىڭ ئېيتقانلىرىنى
بەردى .

پالتا چېئىردىغا يولۋاسنىڭ يۈرىكى بى-
لەن شىرنىڭ تىلىنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇ-
رۇپ يېگۈزدى ، ئاندىن قوينىدىكى توگۇن-
چەكنى ئېلىپ :

— بۇنى ئاتام ئوروزدۇغا ئورۇمنىڭ
پادىشاھى بەرگەنىكەن ، ئانىمىز ئۇنى ساق-
لاپ يۈرگەنىكەن . سېنى سۇمۇرغنىڭ كۆ-
زىگە سېزىك بولىدۇ ، دەپ ئويلاپ ئالغاچ
كەلگەنىدىم ، — دەپ بەردى . چېئىردى
ئۇنى يەپ سېزىكنى قاندۇردى . پالتا ئۆ-
يىگە بېرىپ قىزىل كىتابقا قاراپ ، ماناس

دەل شۇ بالا ئىكەن دەپ ، ياقۇپنىڭ بىخىلـ
لىقى بىلەن ماناسىنىڭ ئۇنداق ئاسانلا تۇـ
غۇلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، كۆچۈپ كېلىپ
ياقۇپقا قوشنا بولۇپ ئولتۇردى . چېئىردى
hامىلدار بولغىنىغا بەش ئاي بولغاندا ياـ
قۇپ ئۈچ كۈندە بىر ئات سويۇپ باققان
بولسىمۇ ئاجىزلاپ ، كېلىپ ـ كەتكەنلەرنى
ئۇزاتقۇدەكمۇ ئەھۋالى قالمىدى . ئۇ بىر
كۈنى ئۆيىگە ئاقساقاللار جەم بولغاندا :
— «ئىككى قات خوتۇنىنىڭ بىر پۇتى
گۆردە ، بىر پۇتى تۆردە» دېگەن گەپ بار ،
كېلىپ ـ كەتكەنلەرگە قارايدىغان ئادەم
بولمىغاچقا ياقۇپ بەك قىينىلىپ كەتتى .
توغرا كۆرسەڭلار باقدۆلەتنى ياقۇپقا نىكاھـ
لاپ قويساڭلار ، باقدۆلەت قالچا ئۇرۇقىـ
دىن بولغان باينىڭ قىزى ئىكەن . ئۇنى
پالتا ئاكا ماڭا بەرگەنىدى . ئۇنىڭ كېمى
يوق ، كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالسا ، قازاننى شۇ
تۇتۇپ قالسۇن . ياقۇپ ماغدىمنى ئالغىنى
بىلەن ئۇنى ئاۋۇلدا بىر كۈنمۇ قوندۇرماي
يىلقىلارنى باقتۇردى ، — دېدى . بۇ گەپ
ھەممەيلەنگە يېقىپ ، ياقۇپقا باقدۆلەتنى نىـ
كاھلاپ بەردى .

چېئىردىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ تولـ
غاق تۇتقاندا ، بىر كالتەكنىڭ بېشىغا پاختا
يۆگەپ تۈڭلۈكتىن چىقاردى . ئۇ ئىككى
كۈن تولغاق يېگەن ، ئوغلاق ، كالا سويۇپ
سەدىقە بېرىپ ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان
بولسىمۇ بالا تۇغۇلمىدى . ئەللىكتەك تۇـ
غۇتقا ئايىغى يارىشىدىغان ئەر ـ ئاياللار
كېلىپ كۈندە بىر ئاتنى يېگەن بولسىمۇ ،
ئاتمىشتەك ئادەم كېلىپ بالىنى تارتسىمۇ
بالا تۇغۇلمىدى . ئۇلار چېئىردىنى بۆشۈككە
سېلىپ تەۋرىتىپ ، گىلەمگە سېلىپ گۈپۈـ
شىدى . ئاخىر ئون بەش كۈن بولغاندا بالا
تۇغۇلدى . ئەمما ئۇ لىغىرلاپ تۇرغان كۆك
تۇلۇم ئىدى . خالايىق ھەيران قېلىپ ئاـ
ۋۇلدىكى پايلاقچى ياساۋۇللارنى چاقىرىپ
كېلىپ چېئىردىنىڭ بالا ئەمەس ، كۆك تۇـ
لۇم تۇغقانلىقىنى كۆرسەتتى . ياقۇپ خەخ
مېنى قۇباش ، دېسە ، خۇدامۇ مېنى زاڭلىق
قىلدى ، دەپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى .
ئادىلبەگ بولغان ئىشنى پالتىغا خەۋەر
قىلغانىدى . پالتا قويىنىغا بىر ئالتۇن ھالقا
سېلىپ يېرىم كۈنلۈك يولنى يېرىم سائەتتە
بېسىپ يېتىپ كەلدى . ئۇ :
— چىۋىق سۇنغان بىلەن ، چىنارى
بولسىلا كۆكلەيدۇ ، شاۋقۇن ـ سۈرەن
سالماي ، سىرتقا چىقىپ كېتىڭلار ، چېئىرـ
دى شېھىت بولۇپ كەتمىسۇن ، — دەپ
بارلىق كىشىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ
ياقۇپقا بۇنىڭ قاپلىق بالا ئىكەنلىكىنى ئېيـ
تىپ ، ئىككى كۈچۈكنى ھېچكىمگە كۆرـ
سەتمەي خالتىغا سېلىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇـ
دى . ياقۇپ ئانىسى يوق غىڭشىپ يۈرگەن
بىر جۈپ كۈچۈكنى ئېلىپ كەلدى . پالتا
شۇ ئارىلىقتا ئالتۇن ھالقا بىلەن تۇلۇمنى
يېرىۋەتتى . ئۇنىڭ ئىچىدىن چۈغى توققۇز
ياشلاردىكى بالىدەك ئوڭ قولىدا ماي ،
سول قولىدا قان بار ، پۇتكۈل ئىقلىمنى
باشقۇرغۇدەك سۈرلۈك بىر بالا ئايان بولـ
دى . بالىنى باقدۆلەت يەردىن ئالالمىدى ،
چېئىردى ئۆزى قۇچاقلاپ ئالدى . ھېلىقى
ئىككى كۈچۈكنى تۇلۇمنىڭ ئىچىگە سېـ
لىپ ئېغىزىنى ئېتىپ ، تۇلۇمنى پايلاقچى
ياساۋۇلغا كۆرسىتىپ ياردى . كۈچۈكنىڭ
بىرى غىڭشىپ چىقىپ ياساۋۇلغا يېپىشقاـ
نىدى ، ياساۋۇل قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى .
ياقۇپ «بۇ ياساۋۇل ئۆلۈپ قالسا ماڭا كۈن
يوق ، ياقۇپنىڭ خوتۇنى ئىت تۇغدى دەپ
خالايىق مازاق قىلىدۇ» دەپ تولا قايغۇردى
ۋە بىر كۈچۈكنىڭ قارنىنى يېرىپ ، كونا

كىگىز پارچىسىغا يۆگەپ ياساۋۇلنى ئۇ-
چۇقداپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى . قورقۇپ
كەتكەن ياساۋۇل «بۇ ئاۋۇلدا تۇرمايمەن ،
بۇ خىزمەتنىمۇ قىلمايمەن» دەپ لاقا -
لۇقىسىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى .

ئەل ياقۇپنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى .
چېئىردى بالىنى ئېغىزلاندۇرغىلى تەييارلاپ
قويغان قىرىق تۇلۇم سېرىق ماي ، نۇرغۇن
نازۇ نېمەتلىرىنى ئەل - جامائەتكە قويدى .
بالا مايدا ئېغىزلاندۇرۇلدى . بالا ئاغزىنى
ئېچىپ يىغلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى بۆكۈرەپ
چىققاندى ، ئاسماندىن مۆلدۈر ياغدى ، تو-
قايدىكى جانىۋارلار ھۈدۈقۇپ ، كۆللەر
چايقىلىپ ، تاغلار تەۋرىنىپ كەتتى . بالا
پۇتىنى تارتقاندا يەر تىترەپ يېرىلغىلى ئاز
قالدى . بالىنىڭ ئاۋازىدىن بىر بالا ، ئىك-
كى كەمپىر قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى .
غىزادىن كېيىن جامائەت تارقىدى .

ئادىلبەگ ، پالتا ، ياقۇپلار بالىغا
سىنچىلاپ قارىغانىدى ، ئوڭ ئالىقىنىدا
«ماناس» دېگەن ئىسىم كۆرۈندى . ئاقپالتا
دەرھال بالىغا چوڭجىندى دەپ ئىسىم قوي-
دى . ئىسىم قويۇلۇشى بىلەن تەڭ ئالىقان-
دىكى خەت غايىب بولدى . ياقۇپ ماناس
تۇغۇلغاندىن كېيىن ئايالىم «بۇرۇن قىز ،
ئەمدى ئوغۇل تۇغدى» دەپ خۇش بولۇپ
ئۆزى تۇرغان ئاقتوقاي دېگەن يەرنى قىز-
دىن كېيىن ئوغۇلغا بۇرۇلدى ، دەپ «بو-
رۇلتوقاي» دەپ ئاتىدى .

## ماناسنىڭ بالىلىقى

چوڭجىندى (ماناس ) بەش يېشىدا
ماڭدى ، ئالتە يېشىدا ئەقىلگە كىردى ۋە
يىلقىغا قارىدى ، كۆنگە ئات ، تايلارنى سو-
يۇپ ، قىمىزغا ھەسەل قۇيۇپ يەپ - ئى-
چىپ ، بۇزۇپ - چېچىپ بەدخەجلىكى بى-
لەن ياقۇپنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى . ئاتى-
سىدىن ئاغرىنغان چوڭجىندى ئاتىسى يا-
شاپ تۇرغان باركۆلدىن قاچتى . ئۇ قامىلى-
دىن ئۆتۈپ ، چۆل - جەزىرە بىلەن كېلى-
ۋاتسا ، قامىلغا قېچىپ كەتكەن قارانوغاي
دېگەن ئادەم سەككىز ياشلىق ئوغلى ما-
جىكنى ئەگەشتۈرۈپ ، مال بېقىۋاتقان يې-
رىدە ئۇچراپ قالدى ، قارا نوغاي ئۇنىڭ
ياقۇپنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن
كېيىن تۇرپاندىكى ئۆيىگە ئەكېلىپ ئوغلى
ماجىك بىلەن بىللە تۇرغۇزدى .

ئۇلار ئەتىيازدا تېرىقچىلىق قىلغىلى
سۇ بولمىغاچقا كارىز قېزىپ سۇ باشلايدى-
كەن . چوڭجىندى بىلەن ماجىك سۇ باشلا-
پ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلدى . قارانوغاي
بەكمۇ خۇش بولدى . ياقۇپ چوڭ جىندى-
نىڭ ئاشلىقلارنى تاغدەك دۆۋىلىگەنلىكىنى
ئاڭلاپ دادىسى كەلدى . ئۇ يەردە يىلقا
يوق ، قوي ئاز بولغاچقا قارانوغاي ياقۇپنى
ئۆچكە سويۇپ مېھمان قىلدى . چوڭجىندى
ياقۇپ بار ئۆيگە كىرمىدى . ياقۇپ قىرىق
تۆگە بۇغداي ئېلىپ قايتىپ كەتتى . كې-
يىنكى يىلى ماناس تېخىمۇ كۆپ ھوسۇل
ئالدى . بۇ قېتىم ياقۇپ قۇرۇق قول بار-
سام بولمىغۇدەك دەپ قارانوغايغا بىر ئات ،
ماناسقا بىر ئات ئېلىپ باردى ۋە قايتىشىدا
ئاتمىش تۆگىگە بۇغداي ئارتىپ ، قارانوغاي-
نى كېلەر يىلى ئۆز ئاۋۇلىغا كۆچۈرۈپ
كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى .

ياقۇپ قىرىق تۆگە بۇغداي ، يەتتە تۆ-
گە ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈچ تۆگە قۇرت -
ماي ئېلىپ ، ئۈچ تۆگىنى بىردىن ئادەمگە
يېتىلىشىپ ، چىڭغىشخانغا سالامغا باردى
ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ چىڭغىشنىڭ ئىلكىدىكى
ئاق توقايدا ياشاپ بالىلىق بولغانلىقىنى ،
ئاق توقاينىڭ ئىسمىنى بۇرۇلتوقايغا ئۆز-
گەرتىپ ، شۇ يەردە بېيىغانلىقىنى ، ئەمما
قالماقلار ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپ تىنچلىق
بەرمىگەنلىكىنى ، شۇڭا باركۆلگە كەلگەن-
لىكىنى ، ئەمدىلىكتە بۇرۇلتوقايىنى سېغى-

نىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇرۇلتوقايغا كېتىشكە ئىجازەت سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ياقۇپنىڭ سوۋغىلىرىدىن مەمنۇن بولغان چىڭغىشخان ياقۇپقا بۇرۇلتوقاي، چاغان، ئارانىڭ قاتارلىق يەرلەرنى بېرىپ، ياقۇپنىڭ شۇ يەرلەرگە خان بولغانلىقىنى ئېيتىپ قولىغا يارلىق بەردى. ياقۇپ چىڭغىش بەرگەن توققۇز ئات، توققۇز توننى، ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەن تۆگىلىرىنى ئالماي، ئۆزى چىڭغىشنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن قورۇدا پەيدا بولۇپ قالغان قۇلاتاينى سورىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بۇرۇن پالتا ياقۇپقا: «ماناس مىنىدىغان بىر سېرىق قۇلاتاي بار، ئۇ ئوغلۇڭنىڭ دۈشمىنىنىڭ ئۆيىدە، ئۇ تاينىڭ تۈكى تۆگە رەڭ، قۇلۇن تۈكى چۈشمىگەن، بويى ئېشەكتەك، پۇتلىرى تاياقتەك بولۇپ، بۇ جانىۋار قورۇلۇپ ئۆسەلمىگەن، ئۇنى ئىككىلىمىز ئىزدەيلى» دېگەنىدى. ياقۇپنىڭ ئادەتتىكى بىر تايىنى سورىغىنىغا كۈلگۈسى كەلگەن چىڭغىش ئۆزىنىڭ بىر ئاق چىپار بالتېيىنىڭ ئالتايىنىڭ ئايدىڭ كۆلدە باشقا ئاتلار بىلەن جۈپلىشىپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىردىن تۇغقانلىقى، ئاق چىپار ئات دەسلەپ تۇلپار سىياقى بار بىر قارا تاي تۇغقاندا خالايىق تالاشقانلىقىنى، ئۇنى ئالوكېنىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيا بېرىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاشۇ مال - دۇنيالارنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئەسقاتقانلىقىنى، كېيىنكى يىلى تۇغقان قۇلۇننى كېدەننىڭ ئوغلى جولوينىڭ تېخىمۇ كۆپ مال - دۇنيا بېرىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاق چىپار ئات ئۈچ يىل تۇغماي، ئىككى يىل يوقىلىپ كېتىپ تاپالماي يۈرگەندە، ئۈچىنچى يىلى ئۆزى پەيدا بولۇپ قېلىپ، بۇ قۇلاتاينى تۇغقانلىقىنى، بۇ تاي خېلى يوغىناپ قالغان بولسىمۇ مالغا ئەگىشىپ كەتمەي يۈرگەنلىكىنى، بۇ تاينىڭ ياقۇپقا يارىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ ياقۇپ ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى بۇ تاينى قىزى قارلىغاچقا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە چىڭغىشنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇلاتاينى ئېلىپ كەتتى.

ياقۇپ كېتىشىگە چاڭغىر ئاتايتەن قۇلاتاينى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ تاينى ياقۇپقا بېرىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇغقان قارا تاينىڭ ئالقارا بولغانلىقىنى، جولوي ئالغان تاينىڭ ئاچبۇران بولغانلىقىنى، قۇلاتاينىڭ ئاققۇلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭغىشقا تاپا - تەنە قىلدى. چىڭغىش تاينى قايتۇرۇپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتى. ياقۇپ قۇلاتاينى ياندۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ماڭغۇزالماي، چاپارمەنگە تاشلاپ بەردى، چاپارمەنمۇ ماڭدۇرالماي خاپا بولۇپ، تاينى ئۇرۇپ تاشلاپ كېتىپ قالدى. چاپارمەن كەتكەندىن كېيىن قۇلاتاي ياقۇپنىڭ كەينىدىن كىشنىگەن پېتىچە يېتىپ كەلدى. ياقۇپ قۇلاتاينى يېتىلەپ كەتتى.

ياقۇپ باركۆلدىن بۇرۇلتوقايغا كۆچۈپ كېلىپ چىڭغىشنىڭ يارلىقى بويىچە خان بولدى. شۇ ئارىدا قارانوغاي ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئېلىمۇ ياقۇپقا قالدى.

كېيىنكى يىلى كۈزدە ياقۇپ يۈز تۆگە، ئەللىك ئادەم، جابدۇقلۇق ئۈچ ئاتنى يېتىلەپ تۇرپانغا ماڭدى. ئۇ ئايالى چېئىردىغا پالتىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قۇلاتاينى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما قۇلاتاينىڭ كېرەككە كېلىدىغان تاي ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ: «پالتا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن» دېدى. چېئىردى قۇلاتاي كەلگەندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئەمچىكىگە سۈت تولغانلىقىنى، تاينى ئوغلى بىلەن قەلبداشمىكىن، دەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ياقۇپ بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. بۇ چاغدا چېئىردىنىڭ كۆكسى چىڭقىلىپ سۈت ئېتىلىپ چىقتى. سۈتنى چىنىگە سېغىپ، بۇغدايىنى سۈتتە نەمدەپ

تايغا بەرگەندى، تاي ئىشتىھا بىلەن يېدى. شۇنداق قىلىپ ماناس بىلەن ئاققۇلا ئىملداش بولدى. چېئردى: «سۈت تۇلۇق چىقالمىدى، ئوغلۇم بىلەن ئىملداش يەنە بىرى بار ئوخشايدۇ» دېگەچكە ياقۇپ تۇرپانغا باردى. قارا نوغاينىڭ كەمپىرى ئۇنى كۇتۇۋالدى. چوڭجىندى تايلاق سويۇپ مېھمان قىلدى. مېھمانلار ياتقاندىن كېيىن چوڭجىندى ماجىكقا: «ئاتام خەسىس ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولساق بىزگە مال باقتۇرۇپ ئەركىمىزگە قويمايدۇ. ساڭا بەرگەن ئاتقا ئۇچ ئاي يەم بەرمەي مىنىسمۇ چىدايدۇ، سەن شۇنى بىلىگىن. مەن ئاتامنىڭ ئېتىنى مىنەي، بىز ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ، تاغام ئاقپالتا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن كېيىن بىر ئىش قىلايلى» دېدى. ئۇلار شۇ بويىچە ئەلگە تۇيدۇرماي باركۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سالباردى دېگەن داۋاندىن ئېشىپ ئەلياتقۇدا مەنزىلگە يەتتى.

چېئردى ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقىپ بالىسىنى كۆردى. باقدۆلەتمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، ھەممەيلەننى ئويغاتتى ۋە سېرىق ئۆچكىنى سويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغلاق، ئات سويۇپ توي ئويناشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن چوڭجىندى بىلەن ماجىك قۇلاتاينى كۆرگىلى باردى. قۇلاتاي چوڭ جىندىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا توختىماستىن قاتتىق كىشنىدى. چوڭجىندى (ماناس) قۇلاتاينىڭ كۇكۇلىدىن قۇيرۇقىغىچە سىيلىغانىدى، قۇلاتاينىڭ قۇلۇن تۈكلىرى چۈشۈپ، كېرىلىپ، قەددىنى رۇسلىدى. ئاتنىڭ قۇلىقىدا شام، ماڭلىيىدا بەختى، سوڭگىدا قەمبەر سالغان تالا - تالا خال بار ئىدى. ئۇنىڭ قورسقى تارتىلىپ، قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ، كۆزلىرى چاقناپ، يالى ۋە قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ، سۈرەتتەك بولدى.

چوڭجىندى تاغىسى پالتانىڭ دېرىكىنى قىلغاندى، چېئردى پالتانىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىزارلىقىنى، ئۇنىڭ ئارال كۆلىنىڭ بويىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئاتلىرىنىڭ قارا چىپار، قىزغۇچ، مىنىمگەن ئاتلار ئىكەنلىكىنى، ئۇ يېگانە كىگىز ئۆيدە ئات باغلىماي، ئىت باقماي تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

— ئاتاڭ بېخىل، كۆكسى تار ئادەم بولغاچقا سەن تۇنجى ئوغۇلدەك ئەركىلەپ يۈرەلمەيسەن، ئۇ، بىر مالغىمۇ چىدىماس ئادەم. شۇڭا تاغاڭنىڭ قېشىغا بار. بۇرۇن قىرغىزلارنىڭ تەلىيى قېچىپ، قالماقلار قىرغىزلارغا بەكلا زۇلۇم سالدى. سېنى تۇغۇلىدۇ دەپ ھامىلىدار ئاياللارنى ياردۇرۇپ، نۇرغۇن ئانا - بالىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇلارنىڭ قىلمىغىنى قالماي، قىرغىزلارنى ھەر تەرەپكە تارقىتىۋەتتى. تاغاڭ پالتا مۇشۇ كۈندىمۇ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قالماقلار ئىگىلىگەن تار يەردە ئولتۇرىدۇ. سەن كۈندۈزى بارماي، قاراڭغۇ چۈشكەندە بارغىن. بولمىسا كۆرەڭلەپ يۈرگەن قالماقلار كۆرۈپ قالىدۇ، مېنى داغدا قويمىغىن.

چوڭجىندى ئاققۇلانى مىنىپ، ماجىكنى ئەگەشتۈرۈپ چېئردى ۋە باقدۆلەت بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ماغدىمنى ئاپىسى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ماغدىم تايلاق سويۇپ مېھمان قىلدى. شۇ چاغدا ماغدىمنىڭ كىچىك ئوغلى يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، چوڭجىندى (ماناس) ئۇنىڭغا ئىجىل بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، چامبىل تاشقا بارغاندا، يېيىلىپ يۈرگەن يىلقىلار ئىچىدىن پالتانىڭ ئاۋۇلىنى يىراقتىن كۆردى ۋە كەچ كىرگەندە يولغا چىقتى. بۇ چاغدا پالتا ھېلىقى بالا ماناس بولسا كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، دەپ كۈ-

تۇپ تۇرغانىدى ، ئۇ قولاتايىنىڭ بەلگىسىگە
قاراپ قالماق رەمچىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ تەييارلاپ قويغان يەر ئاستى ئۆي-
گە سولاپ قويدى . كەمپىرنى ئويغىتىپ
ئولارنى نان - چاي بىلەنلا كۈتۈۋېلىپ يات-
قۇزۇپ قويدى ۋە بىرەر شەپە بارمۇ -
قانداق دەپ قاراپ ياتتى . بىر چاغدا چوڭ-
جىندى قولىنى يانغا سوزغانىدى ، ئۇنىڭ
شولىسى ئۆينى يورۇتۇۋەتتى . بۇنى كۆر-
گەن پالتا سۆيۈنۈپ ، يىلقىچى تىلەكبايغا
ئۈچ يىل توغمىغان ئاتتىن يەتتىنى تاپشۇ-
رۇپ ، تۆت ئاتنى سويۇپ ئەلگە بېرىپ ،
بەش يىللىق ئىككى ئاتنى قورۇغا باغلاپ ،
بىر ئاتنى سويدۇرۇپ ، كەمپىرگە تۇزنى
تېتىتىپ ، ھەممىسىنى پىشۇرتۇپ ، باشقا
ئادەمگە تۇزنىمۇ تېتىتماي ، ئالتە يىگىتكە
توغرىتىپ ، ماناس بىلەن ماجىكنىڭ ئالدى-
غا قويدى . ئىككىسى ئۇستىخانلارنى يەپ
بولغاندىن كېيىن ماجىك توغرالغان گۆش-
تىن يەتتە پارچە يەپ توختىدى . چوڭجىن-
دى بولسا ھەممىسىنى پاكىز يەۋەتتى . ئۈچ
ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىن ياساتقان قىمىز تو-
لوم بار بولۇپ ، لىققىدە قىمىز بار ئىدى ،
ماجىك ئالتە ياشلىق بالا چىقالمىغۇدەك ئا-
ياق بىلەن توققۇز ئاياق ئىچتى ، ماناس ئوت-
تۇز ئاياق ئىچىپ بولۇپ ، قالغىنىنى بە-
راقلا ئىچىۋەتتى . يېگەن نەرسىلەر باللار-
غا سىڭمەي قالمىسۇن ، دەپ ئولارنىڭ پالتا
سورىغان بولۇپ گەپكە سالدى .

چوڭجىندى تاغام دەپ ئىزدەپ كەل-
سەم تونۇماس بولۇۋالدىڭىز ، دېدى ۋە ما-
جىكنى ئۆيسۈن ئۇرۇقىدىكى قارانوغاي دې-
گەن كىشىنىڭ بالىسى دەپ تونۇشتۇردى .

پالتا ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى
ۋە ئاققولاغا تەييارلىغان ئىگەر - توقۇملار-
نى كۆرسەتتى . ئىگەر ئالتۇن - كۈمۈش-
تىن ، چۇلۇۋۇر يىپەكتىن ، تۆش ، قوشقۇن-
لىرى بۇغىنىڭ تېرىسىدىن ئۆرۈلگەن بو-
لۇپ ، تۇمار - قوڭغۇراقلىرى گۆھەر تاش-
لاردىن ئىدى .

پالتا چوڭجىندىگە :

— سەن جىيەنىم بولساڭمۇ ، بالامغا
ئوخشاش ، قىرغىزنىڭ يەتتە ئاتىسىنىڭ
خۇنىنى ئېلىپ دەردىگە دەرمان بولىدىغان
ئوغۇلسەن ، قالماقتىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن
ئالتايدىن باش كۆتۈرسەڭ ، قالماقلار بوي-
سۇنماق تۇگۇل بىزنى كېچە - كۈندۈز دەپ-
سەندە قىلىدۇ . بىز يەرلىرىمىزنى قايتۇ-
رۇۋالالمىساق بولمايدۇ ، شۇڭا سەن سە-
مەرقەندنىڭ بەلساز دېگەن يېرىدىكى يام-
غۇرچى بىلەن شىغايغا بېرىپ تۇر . مەن
ئىككى يىل تەييارلىق قىلىۋېلىپ باراي ، —
دېدى . ئۇ يەنە يەتتە ياشلىق جوۋاقنى ئىك-
كى يىلدىن كېيىن يىگىرمە يىگىتكە قو-
شۇپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى ، بۇداي ئاق سا-
ۋۇت ، باقاي مىلتىق ، ئايقوجو زۇلپىقار
بېرىدىغانلىقىنى ، پالتا - نەيزىسىنى بۆ-
لەكبايغا ياسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئات
بېشىنىڭ ئېلىنىڭ باش تەرىپىدىكى ساز-
لىقتا تۇرۇۋاتقان قازاق ئايدارخان بىلەن
كۆرۈشۈپ ئۆتۈشىنى تاپىلىدى ھەمدە ئۇ-
دۇل مېڭىشنى بۇيرۇدى .

تەرجىمە قىلغۇچى : نۇرنىسا باقى
توقتوبۇبۇ ئىساق
مۇھەررىرى : ياسىن زىلال

# ئاللا ، ئاللا ۋاي باللار

دۇۋا دەيدۇ ، دۇۋا دەيدۇ ،
تۆت تەرىپى تاغ .
مۇساپىرلىق دەردىدە
يۈرەكلىرىم داغ .

بىز ياشايمىز ، ئىشلەيمىز
تاغدا - دۇۋادا .
ئاتا - ئانام سېغىنىدۇ
سەھەر - دۇئادا .

بۇ دۇۋانىڭ داغلىرى
ئاقباش تاقىر تاغ .
ئۇرۇق-تۇغقان ئەسكە چۈشسە ،
يىغلايمەن ھەر چاغ .

يېگى باغدا ئاق ئالما ،
يات كۆزلەر نەزەر سالما .
بىزگە دۈشمەن بولغانلا ،
پاشنام يەنجىگەن سالما .

دۇۋا دېگەن تاغ ئىكەن ،
تاغنىڭ باغرى باغ ئىكەن .
مۇساپىرلىق يامان ئوت ،
قايناپ تۇرغان ياغ ئىكەن .

تېگى دۈشمەن دوست ئەمەس ،
ئۆپكە - قېرىن گۆش ئەمەس .
باشقا يۇرتتىن يار تۇتۇپ ،
مېنىڭ كۆڭلۈم خۇش ئەمەس .

كۆمۈر كاندىن كۆمۈر ئالدۇق ،
جاڭگالدىن ئوتۇن .
بىزگە ۋاپا قىلمىدى
بىۋاپا خوتۇن .

ئىت گادايدىن قورقىدۇ ،
گاداي ئىتتىن قورقىدۇ .
ئەھلى نامەرد نادانلار
مەرد يىگىتتىن قورقىدۇ .

شەنگەنىگدىن قورقمايمەن ،
قوناقلىقتىن چىقمايمەن .
سېنى سۆيگۈنۈم سۆيگەن ،
باشقىسىنى ئۇقمايمەن .

ئاللا ، ئاللا قاغىلار
ئۇچۇپ كەتتى يىراققا .
يارىم قالدى سولاقتا ،
مەن تۇرىمەن پىراقتا .

ئەتىر گۈلۈم ئېچىلدى ،
قىسمامسەن يارىم ؟
يوللۇرۇڭغا گىلەم سالدىم ،
كەلمەمسەن يارىم ؟

بارغانلاردىن ، يانغانلاردىن
سېنى سورايمۇ ؟
قانداق بولدى ئەھۋالىڭ دەپ ،
ئۆزۈم بارايمۇ ؟

يېنىمغا كەل جانانىم ،
مەن سېنى كۆرۈۋالاي .
چەككەن شۇ ئازابلارنى
قەلبىمگە يېزىۋالاي .

دەرد تارتساممۇ مەيلىدى ،
ئەقىدەمنى ئەل بىلسە .
يار ئىشقىدا كۆيگەن بۇ
يۈرەكنى يېرىپ كۆرسە .

يۈرەك - باغرىمنى يار كۆرسە ،
ئېچىنماسمۇ ھالىمگە ؟
ئوتتا كۆيدۈرۈپ شۇنچە ،
قالامدۇ ئۇۋالىمگە ؟

لاچىن كەلسە ، ئاق كەپتەر
ئۇۋىسىدىن چىقالماس .
يارىم ئۆيدە سولاقلىق ،
كەلگىنىمنى ئۇقالماس .

تۈگمىنىڭگە بارمايمەن ،
ئۇن توزۇيدۇ ياقامغا .
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىسا ،
قارىمايمەن ئارقامغا .

گەپنى ئاڭلا ئەي ئۇكام ،
ئالدىمدا مېنىڭ ياقام .
دوستلىرىم جاپا چەكسە ،
جاننى ئىلكىگە سالسام .

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا ،
ئاڭلىمايلا ناخشىنى .
ئۆزلىرى ئوبدان بالا ،
تونۇمايلا ياخشىنى .

مەن يارىمنى سېغىنسام ،
ئايغا قارايمەن .
خۇدا بەرسە ماڭا سادىق
يار ، دەپ يىغلايمەن .

ماڭا لايىق ، مۇناسىپ
يار بەر خۇدايىم .
شۇنچە دەردكە سالغىلى
نېمە گۇناھىم ؟

ئايۋانىڭدا ياتمايمەن ،
دېرىزەڭدىن پاتمايمەن .
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە ،
تاغقا تاياق ئاتمايمەن .

خانئېرىقتىن گۈزەرگە
ئۈچ چاقىرىم يول ئىكەن .
پۇتلىرىمنى قان قىلدى ،
يول بويى ئازغان ، تىكەن .

ئۇ باغدىمۇ جىنەستە ،
بۇ باغدىمۇ جىنەستە .
دۇشمەن بىزنى پايلايدۇ ،
بولمىغۇلۇق بىخەستە .

يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ ،
تاڭ سەھەردە ، ئاخشامدا .
يارنى مەڭگۇ ئەسلەيمەن ،
قوشاق قېتىپ ناخشامدا .

كۈز كەلدى ، سولۇپ قالدى
قىزىل گۈل بىلەن چوغلۇق .
دەردىمگە داۋا بولغىن ،
مېنىڭ كۆڭلۈم تولا مۇڭلۇق .

ئالما دەپ سوزدۇم قولۇمنى ،
پىشمىغان شاپتۇلىغا .
نە ئۈچۈن بەردىم كۆڭۈل ،
بىۋاپا ئاشۇ يارغا ؟

يارغا مەن كۆيگەن بىلەن ،
يارىم ماڭا كۆيمەيدۇ .
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ .

ئوتۇن كەسلەپ تارىمدا ،
ئاران كەلدىم چۆلتاغقا .
يارىم كۈتۈپ تۇرغاندۇ ،
يولغا قاراپ بۇ چاغقا .

قوللار قانىسا مەيلى ،
پۇتلار ئۇششۇسە مەيلى .
ئاش پىشامدۇ ئوت ياقماي ،
بۇ ئىشقا نېمە دەيلى ؟

مەن خوتەندىن چىققاندا ،
مەھبۇبەم قاراپ قالدى .
قاچان كېلىسەن يار دەپ ،
كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

ئۆلگەنلەر شېھىت بولدى ،
قالغانلار تامام غازى .
يار ۋەسلىگە يەتسەملا ،
جېنىم چىقسا مەن رازى .

سۇنىڭ سۈزۈكى نەدە ،
قۇدۇق بىلەن بۇلاقتا .
سېغىندىم ئەجەپ يارىم ،
كۆرۈشەلمەي ئۇزاقتا .

موللەك سوپى ساپ ئەمەس ،
بۇ سۆز ھەرگىز لاپ ئەمەس .
يۇدۇپ كېلەر چولڭ تاغار ،
ھەرگىز كىچىك قاپ ئەمەس .

ئارتىۋالسا چۇمپەردە ،
بۇۋۇم دەيدۇ تالادا .
قىلتىقىغا چۈشكەنلەر
قالار دەردتە ـ بالادا .

تارتۇق ، قورۇق چۈشسىمۇ ،
تۇگىمەيتۇ ياشلىقى .
دەللىلەرگە دەسمايە
تاۋار ، ئەڭلىك ، قاشلىقى .

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا
سالدۇق بىز تۇرۇن .
ھاراق ئىچىپ يۈرىدۇ ،
ھاماقەت ھۇرۇن .

ھاراق خۇمار ھۇرۇنلارنى
باسار پالاكەت .
ھاراقكەشلەر ئەھدىسىز ،
بولماس ساداقەت .

ھاراق ئىچتىم ، ھاراق ئىچتىم ،
پۇتتى مادارىم .
گۈلدەك ئۆمرۈم زايە بولدى ،
يوقتۇر قارارىم .

شاراب بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر
ساراڭدەك كەتتى .
ئاشۇ بەڭۋاش نادان چاغلار
ۋەيرانە ئەتتى .

شاراب مېنى خاراب ئەتتى ،
ئەقلىمنى تاپتىم .
مەيخورلۇقتىن يىراقلاشتىم ،
بەختىمنى تاپتىم !

ئايرىلمايمىز مەڭگۇ دەپ ،
قول ئېلىشقان ئاغىنەم .
تاشقا تىكەن ئۈندۈرۈپ ،
جىدەللەشتى ئاخىردەم .

دوستلىرىم دۈشمەن بولدى ،
رەقىبلەرنى كۈلدۈرۈپ .
خەلقى ئالەم ئالدىدا

نامەردلىكنى بىلدۈرۈپ .

بالا كەلسە بېشىمغا ،
ئەسقاتمىغان ئاغىنەم .
دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ ،
كېسەك ئاتقان ئاغىنەم .

مەستانە ـ مەستان ،
ھالىم خارابان .
كېتىۋەرمەيدۇ
بۇ چەرخى جاھان .

مەستانە ـ مەستان ،
ئاڭلا ئەي ياران :
جاھان بىر خىللا
چۆرگۈلگەن قاچان ؟

سەن مېنىڭ يانىمغا كەلسەڭ ،
مەيلى قۇربانىڭ بولاي .
سەن ماڭا قىلساڭ ۋاپا ،
شامىڭغا پەرۋانىڭ بولاي .

سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ ،
ئالەمدە مەن يارسىز ئۆتەي .
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ ،
يۈرۈكىمنى كۆرسىتەي .

يارنى سۆيدۈم دەپتىمەن ،
ئىچىمگە ئوتنى سەپتىمەن .
يۈزى ئاق ، كۆڭلى قارا
قىينارىنى بىلمەپتىمەن ..

باغدا كاككۇك بالىسى ،
ئەجەپمۇ مۇڭلۇق سايرىدى .
شۇم رەقىبلەر ئاقىۋەت
ئىككىمىزنى ئايرىدى .

كىچىك بالا ئەمەسمەن ،
«ھە» ، دېسەڭ ، «ھە» دېگىلى .
مەن بېغىڭغا بارمايمەن ،
ئەمدى تاياق يېگىلى .

ھەر بىر ئىشنىڭ يولى بار ،
ھەممە تامنىڭ ئۇلى بار .
بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق ،
دۈشمەنلەرنىڭ قولى بار .

قازى بىلەن قالامسەن ؟
مۇپتى بىلەن كېتەمسەن ؟
تاشلاپ قويۇپ بۇ جايدا
مېنى ۋەيران ئېتەمسەن ؟

ئەقىلسىزنىڭ ئۇزى يوق ،
تىڭشىغۇدەك سۆزى يوق .
يارىم كېتىپ كەلمىدى ،
سۇرمىلىككە ئىزى يوق .

ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق ،
ئۆتۈكىنىڭ چەمى يوق .
يار مەندىن يامانلايدۇ ،
ئېشىنىڭ تۇز تەمى يوق .

خۇمدانلاردا خىش تولا ،
قىلاي دېسە ئىش تولا .
كەتسەڭ مەيلى كېتىۋەر ،
قىلىپ كەتمە ئۇنچىلا .

قىشلىغىلى قايان باراي ؟
ياز كەلسە ساراي سالاي .
كەلگىن يارىم ئۆيۈمگە ،
بولۇپ ئون بەش كۈنلۈك ئاي .

كۆككە بېقىپ تۇكۇرسەڭ ،
يېنىپ چۈشەر يۈزۈڭگە .
نادانلارغا سۆزلىسەڭ ،
ھەرگىز كىرمەس سۆزۈڭگە .

قوناقلىقتا ماش بولماس ،
قېرى خوتۇن ياش بولماس .
قېرىغاندا تۇتقان يار
ساڭا ئۇزاق ئاش بولماس .

ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق ،
سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق .
ياش چېغىدا يار تۇتۇپ ،
ئوينىمىدۇق ، يىغلىدۇق .

جان راھەتى تەن بىلەن ،
تەن ساقلىقى پەم بىلەن .
قېرىغاندا ئىنساننىڭ
ئۆتەر ئۆمرى غەم بىلەن .

ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ
ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار .
قىرىق ياشلىق خوتۇننىڭ
ھەممە ئىشقا ئېپى بار .

يارىم چىقتى تالاغا ،
مېنى قويدى بالاغا .
كېتىپ قالدى خوتۇنۇم ،
كىم باردۇ سالاغا .

ئۆتمەس پىچاق ئاسقىچە ،
چىشلەپ يېگەن ياخشىراق .
يىراقتىكى شۇ ياردىن
يېنىمدىكى ياخشىراق .

خېرىدارلىق بولمىسا ،
زىبالىقىڭ نەكېرەك ؟
شەرمى ـ ھايا بولمىسا ،
گۈزەللىكىڭ نە كېرەك ؟

توپلىغۇچى : **ئېزىز مەتقاسىم**
(خوتەن دۇئا سېمونت زاۋۇتى
ئۇسكۇنە بۆلۈمىدىن )
مۇھەررىرى : **نۇرنىسا باقى**

# غۇلجىدا «ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

ھېسام قۇربان دەسلەپتە ئادەمنى قاتتىق
كۈلدۈرۈپ ، كەينىدىن چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرىدى-
غان تىرەن مەزمۇنلۇق ئۆتكۈر چاقچاقلىرى بىلەن
خەلققە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كېلىۋاتقان ، مەملى-
كەت ئىچى - سىرتىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ۋە تە-
سىرگە ئىگە تالانتلىق قىزىقچى ، سۆز ئۇستىسى ،
زامانىمىزنىڭ ھايات نەسىردىن ئەپەندىسى .

2000 - يىل 25 - ئاۋغۇست گۈزەل شە-
ھەر غۇلجىدا ھېسام قۇرباننىڭ يەتمىش ياشقا
كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن
غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى ،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبى-
يات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ، «ئىلى دەريا-
سى» ژۇرنىلى بىرلىكتە «ھېسام چاقچاقلىرى
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمى-
سى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى . مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى تۆمۈر داۋامەت ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى
ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا
تەبرىك خەت ، تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى .
يىغىن يەنە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئەدەبى-
يات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، جەمئىيەتلەر-
دىن ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت ، شەھەرلەردىكى گې-
زىت ، ئەدەبىي ژۇرناللاردىن كەلگەن تەبرىك
خەت ، تەبرىك تېلېگراممىلىرىنىمۇ تاپشۇرۇۋال-
دى . يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئالاھىدە
قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى . ئوبلاست ، ۋىلايەت ،
شەھەرنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن
توختار ئەلباتىر ، زوردۇن غوجا ، ئابلىمىت ئوس-
مان ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبى-
يات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شائىر ئابلىمىت
سادىق ، پېشقەدەم شائىر ، تىل ۋە ئەدەبىياتشۇناس
ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، «مىراس»
ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شائىر ياسىن
زىلال ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇ-
ھەررىرى يۇسۇپ ئىسھاق ھەمدە «شىنجاڭ مەدە-
نىيىتى» ، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ
مۇھەررىرلىرى ۋە ئالىم ، تەتقىقاتچىلار بۇ پائالى-
يەتكە قاتناشتى .

يىغىندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بى-
لەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ، تەتقىقات-
چىلار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ خەلق سەنئەتكا-
رى ھېسام قۇرباننىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە يۇك-
سەك باھا بەردى . يىغىندا يەنە ھېسام قۇربانغا تون
كىيگۈزۈلدى ، ئۇسسۇرلەر گۈل تەقدىم قىلدى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن «ئالمىزار» رېس-
تورانىدا «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈ-
زۈلۈپ غۇلجا دىيارىدا يېتىشىپ چىققان ، ھېسام
قۇربان ۋەكىللىكىدىكى چاقچاقچىلار يۇمۇرلۇق
ھەزىل - چاقچاقلىرى بىلەن يىغىن ئەھلىنى ھار-
غۇچە كۈلدۈردى . شائىرلار شېئىر ئوقۇدى ، ئە-
دىبلەر سۆز قىلدى . ۋىلايەتلىك دراما ئۆمىكى ۋە
«ئالمىزار» رېستوراننىڭ ئارتىسلىرى قىزىقار-
لىق نومۇرلارنى كۆرسەتتى ، ھەرقايسى ئورۇن ۋە
شەخسلەر ھېسام قۇربانغا ماددىي بۇيۇم ۋە خاتىرە
بۇيۇملارنى سوۋغا قىلدى .

ئۆز خەۋىرىمىز

## 2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۈگۇۋا (سولدا)، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇچىسى لىيۇ بىڭ (ئوتتۇردا)، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى ماشىڭفۇ (ئوڭدا) لار يىغىن سەھنىسىدە



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ياسىن زىلال يىغىندا



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت سادىق يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا





پولات خوجا فوتوسى

3829
10 >

# مىراس

2000 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي

美拉斯（维吾尔文）

...ur Folk Literature

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت...
ئادرېسى: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 59 - قورۇ، 507 -، 508 - ئۆي. تېلېفون: ...8485
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ...
تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مە...
...ISSN1004—3829: خەلقئارالىق نومۇرى CN65—1094/I
...尔自治区民间文艺家协会（乌市胜利路 57 号 507、508 房间
...发行：乌鲁木齐邮局　订阅：全国各地邮局　国内统一刊
...N1004—3829　邮编：830001　刊号　58—69　定价：3.00